هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# سەممىيلىك ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# سەمىمىيلىك ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于诚实的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—426—8

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122091 号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于诚实的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦尔·库提鲁克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | (830001 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开　　本 | 880×1230mm |
| 印　　张 | 3 印张 |
| 字　　数 | 51 千字 |
| 版　　次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—80744—426—8 |
| 定　　价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە - پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

سەمىمىي كىشىلەرگە خاس مەيداندا تۇرۇشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش سەل خەتەرلىك، شۇڭا بۇنىڭغا باتۇرلۇق كېرەك.

ئوستروۋسكىي

گېپى بار، ھەرىكىتى يوق ئادەم
ئۇياتقا قالىدۇ.

زىي

بۇ دۇنيادا ساختىلىق قىلىش ئەڭ قاتتىق ئازاب ـ ئۇقۇبەتتۇر، سەمىمىي بولۇش ئەڭ زور خۇشاللىقتۇر.

زۇ تاۋفېن



ئۆزىنى ئەقىللىق ساناپ يۈرىدىغانلار كۆپىنچە ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئەڭ سەمىمىي ئادەمدۇر. چۈنكى سەمىمىي ئادەملا ئەمەلىيەت بىلەن تارىخنىڭ سىنىقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭ ئادرېسى

ئۆتەلەيدۇ.

**جۇ ئېنلەي**

تۇرمۇشنى ئالدىغىلى بولمايدۇ، ئادەم ئوچۇق- يورۇق ياشىشى لازىم.

**فىك شۆفىلىك**

يالغانچىلار راست گەپ قىلسىمۇ باشقىلارنى ئىشەندۈرەلمەيدىغان ئاقىۋەتكە قالىدۇ، خالاس.

**ئېزوپ**

سەمىمىيلىك ۋە تىرىشچانلىق مەڭگۈ ھەمراھىڭ بولسۇن.

**فرانكلىن**

خۇشامەتچىلەر دۈشمىنىمدۇر.

**شۈنزى**

خاتالىقىمنى كۆرسىتىپ بەرگەنلەر ئۇستازىمدۇر، توغرا جايلىرىمنى ياقىلىغانلار دوستۇمدۇر، خۇشامەت قىلىغانلار دۈشمىنىمدۇر.

**شۈنزى**

جاھان تىنچىپ كېتىدىغان بولسا، خۇشامەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا نومۇسسىزلىق، ئالدامچىلىق ۋە نادانلىقلا تېخىمۇ بازار چىقىدۇ؛ پاش قىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، جانغا تەگكۈدەك راست گەپ قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ.

بېلىنسكىي

خۇشامەتچىلىكنىڭ يىرگىنچلىكى ۋە قەبىھلىكى توغرىسىدا بىزگە سانسىز قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن بولسىمۇ، زادى كار قىلماي كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى خۇشامەتچىلەر بىزدىن يوچۇق تېپىۋېلىۋاتىدۇ.

كرېلوف

ساختىلىق مەڭگۈ تېتىقسىزدۇر، ئۇ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ.

بۇالو

ياخشى ئىشنى ماختاش توغرا، لېكىن يالغان ئىشنى ماختاش ئالدامچىنىڭ ۋە ساختىپەزنىڭ قىلىقىدۇر.

دېموكرىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرىسى



سەت ئادەم مەن چىرايلىق دەپ ماختانماقچى بولسا، تۇكۇر ئۆزىنى ساق كۆرسەتمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ھېسداشلىقىمىزنى قوزغىغان بەختسىزلىكى كۆلكىمىزنى قىستايدۇ.

فىلدىڭ

شۆھرەتپەرەسلىك باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ئەسلىي قىياپىتىمىزنى نىقابلاشقا ئۈندەيدۇ، ساختىپەزلىك باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىنايىتىمىزنى گۈزەل ئەخلاق تونى بىلەن يوشۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

فىلدىڭ

پارقىراپ تۇرغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولۇۋەرمەيدۇ.

شېكىسپىر

ئېزىتقۇغا گۈل بولمايدىغانلا بولساڭ، ئالىيجاناب ھەرىكەتلەردە بولۇش پۇرسىتىڭ تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

چېرنىشېۋسكىي

ماختانچاق ئادەمنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇنىڭ خۇپىيانە رە-
زىللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

گىزوپ

ئۆزىنى كۆرسىتىشكە خۇشتار ئادەملەرنى ئاقىلانىلار مەن-
سىتمەيدۇ، نادانلار كۆككە كۆتۈرىدۇ، تەخسىكەشلەر ئۇلارغا خۇشا-
مەت قىلىدۇ، ئۇنداق ئادەملەر ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى كۆرسىتىشتە
ئىشلەتكەن سۆزلىرىنىڭ قۇلىدۇر.

بېكون

گەپ ئوينىتىدىغان ئادەم كۆپىنچە كۆرەڭ كېلىدۇ.

بېكون

قارغاش ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ. ماختاش ئادەمنى
بوشاشتۇرىدۇ.

بلاكې

شۆھرەتپەرەسلىكنى جىنايەت دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ھەر-
قانداق جىنايى ھەرىكەت شۆھرەتپەرەسلىكنى قاندۇرۇشنىڭ ۋاسى-

www.uyghurkitap.com



تىــنــدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**بىرگون**

كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۆزۈڭنى خار قىلما، نام ـ شۆھ-رەت قوغلاشما.

**جەن تيەنيۇ**

ئۇيىلىشنى بىلگەن باتۇردۇر.

**كۇڭزى**

كۆڭلىدە گېپى بار ئادەم گېپىنى ئۇدۇللا دەۋەتكىنى تۈزۈك؛ ئۇدۇل دىمەي گەپنى ئەگىتىپ يۈرسە، ئەقلى بار ئادەم ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە «يان بېسىۋاتقان»لىقىنى بىلىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خەۋپلىكلىكى ۋە شەرمەندىچىلىكى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

**لۇشۈن**

ئىزا تارتىش قورقۇنچاقلىق ياكى سەتچىلىكتىن قورقۇش كەيپىياتىدۇر، بۇ كەيپىيات ئادەمنى بەزىبىر يىرگىنچلىك ھەر-كەتلەردىن توسىدۇ.

**سپىنوزا**

ئۇيلىش بىز نومۇس قىلىدىغان ھەرىكەتتىن پەيدا بولىدىغان ئازابتۇر.

سپىنوزا

خىزمەت كۆرسەتكەنلىك كۆكرەككە قىزىلگۈل تاقاش ئەمەس، قىزىلگۈلنى تاقىغانچە قىمىرلىماي تۇرۇۋېرىشمۇ ئەمەس، ئۇ تېخىمۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوۋ ياڭخەي

قەبرە تېشىمغا شائىر دېگەن سۆزنىڭ ئويۇپ قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلمايمەن، جەڭچى، خەنجەر ۋە دۇبۇلغا قويۇپ قويۇلسىلا بولىدى.

ھېينې



مەن بۇ شان ـ شەرەپلەرنى قەدىرلىمەيمەن دېيەلمەيمەن، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن، بىراق مەن ئەزەلدىن مۇشۇ شان ـ شەرەپلەر ئۈچۈن ئىشلىگىنىم يوق.

فارادى

www.uyghurkitap.com



بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانساڭ، ھەرگىز شان ـ شەرەپ تەمە قىلما، يەنە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋەر.

پاستېر

ئەلگە تونۇلغان كىشىلەر بەختلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزى ئورۇنلىماقچى بولغان ئىشلىرىغا قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا باشتىن ـ ئاياغ غەيرەت بىلەن ئىشلەيدۇ. ئەمما، تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا، ئۇزاق ۋە جاپالىق كۈنلەردىمۇ ئۇن چىقارماي ھەقسىز ئىشلەۋېرىدۇ، يا شان ـ شەرەپكە، يا تەقدىرلەشكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ، ئۆز خىزمىتىم ئەلگە پايدىلىق دېگەن ئىدىيىلا ئۇلارنى تىرىشىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

كرېلوف

سەمىمىيلىك ھەقىقەتنىڭ جېنى ۋە ھالال ئادەمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان بەلگىسىدۇر.

د. دىدېرو

سەمىمىيلىك — ئېغىر ۋە بەك نازۇك مەسىلە، ئۇ ئەقىل ۋە چوڭقۇر مەنىۋى ئەدەپنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋ. ۋ. ۋېرېسايېف

سەمىمىيلىك ساپ دىللىقتۇر. بۇ پەزىلەت كەمدىن ـ كەم ئا-دەملەردە بار.

ف. لاروشفېك

سەمىمىيلىك ھەممە كىشىدە ئۇچراۋەرمەيدىغان روھىي خۇشلۇقتۇر. ئادەتتە كۆز ـ كۆز قىلىنغان سەمىمىيلىك كۆپىنچە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارىتىلغان مۇغەمبەرلىك بولۇپ چىقىدۇ.

ف. لاروشفېك

ئىرادىسىز ئادەملەر سەمىمىي بولالمايدۇ.

ف. لاروشفېك

ئىچىمدىكىنى تاپ دېيىش — ئاجىزلارغا خاس ھالەت.

ف. بېكون

كىمىكى باشقىلار بىلەن سەمىمىيەتسىز مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئادەتلەنگەن ئىكەن. ئۇ ئاجىز، نەتىجىدە ئۆزى ـ ئۆزىگىمۇ سەمىمىي بولالماي قالىدۇ.

ف. لاروشفېك

ئەقىللىق مەۋجۇدات تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ مۇكەممەلسىزلى-كىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارى مەۋجۇت: شۇ سەۋەبتىنمۇ تەبىئەت كىشىلەرگە ئۇياتنى، يەنى ئۆز مۇكەممەلسىزلىكىدىن ئۇيىلىش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان.

ش. مونتېسكىي

قانۇن تەقىپ قىلالمىغان نەرسىلەرنى گاھىدا نومۇس تەقىپ قىلالايدۇ.

سېنېكا

ئەڭ ئېغىر يوقىتىش، ئەڭداشسىز دەرد — ھاياتىڭنىڭ مەنىسى دەپ ئەتىۋارلىغان نەرسەڭنى قاتتىق تۇرۇپ ھىمايە

قىلالماسلىقىدۇر.

**م. گوركىي**

ئۆزۈڭدىنمۇ خۇددى باشقا ئادەملەردىن ئۇيالغاندەك ئۇيىلىشىڭ ۋە يالغۇز ئۆزۈڭ بىلىپ تۇرۇپمۇ — باشقىلار بىلسۇن - بىلمىسۇن، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر — ھامىنى يامان ئىشتىن ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك. ئەمما، ھەممىسىدىن كۆرە ئۆز ۋىجدانىڭدىن نومۇس قىل.

**دېموكرىت**

ئادەملەر ئالدىدا ئۇيىلىش ياخشى پەزىلەت، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلى ئۆزۈڭ - ئۆزۈڭدىن ئۇيىلىشىڭدۇر.

**ل. ن. تولستوي**

ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالىتىدە قايسى پەللىگە كۆتۈرۈلگىنىنى نېمىدىن نومۇس قىلىشى ۋە نومۇس قىلماسلىقتەك ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە يوق.

**ل. ن. تولستوي**

ئەدەپنى نومۇستىن، نومۇسنى بولسا ئەدەپتىن ئاجراتقىنى

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ، ئەگەردە ئۇمۇ، بۇمۇ يىمىرىلىشكە باشلىسا ھەممە كۆركەم بىنا يىقىلىدۇ. قەدىرسىز بولىدۇ ۋە نەپرەتتىن باشقا ھېچبىر تۇيغۇ ئويغاتمايدۇ.

م. سېرۋانتېس

نومۇس ئىنسان قەلبىدىكى پۈتۈن ھېسسىياتلارنىڭ، ئەڭ كۆركەم بولىدىغان سۆيگۈنىڭ جېنىدۇر.

ستېندال

ئادەم قانچە ئۇياتچانسېرى شۇنچىلىك ئېھتىرامغا لايىقدۇر.

ب. شوئو

ئادەم بىردىنبىر قىزىرىدىغان ياكى مۇئەييەن ھالەتكە چۈش-كەندە قىزىرىش لازىم بولغان جانلىقتۇر.

مارك تۋېن

ئۇياتتىن قىزىرىش — ياخشىلىق زىنىنىتى.

ف. بېكون

دىلدا داغ كۆتۈرۈپ يۈرگەندىن كۆرە يۈزنىڭ قىزارغىنى

ياخشى.

م. سېرۋانتېس

ئادەم قىزارغان چاغدا ئۇنىڭدا ياخشى ھەممەتلىك «مەن» ئويـ.
غىنىدۇ.

ف. گېبېبل

ئەڭ ئەشەددىي قەلبلەرمۇ خىجالەت تارتىۋاتقان ئادەمدە، ئۇنى
بىكارچى تەلۋىلەر توپىدىن ئاجرىتىپ تۇرغۇچى قانداقتۇر خىسلەتـ.
نىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ.

م. ئى. سالتكوف ـ شېدرىن

كەمتەر ئادەملەر چاكىنا قىلىقلار ئۈستىدە بولۇپ قالغىنىدىن
نومۇس قىلىدۇ.

گ. لېيبنتس



نومۇسنى ئۆگەتكىنى بولمايدۇ، ئۇ تۇغما.

پوبلىلىي سىر

كىمكى ئۇياتنى يوقاتسا، ئۇنى ئۆلگەن دەپ ھېسابلاش

كېرەك.

پلاتون

بىر كەتكەن ئۇيات قايتىپ كەلمەيدۇ.

سېنېكا

ئۇيات ۋە نومۇس — گويا لىباس. كىيىلىپ كونىرىغانسېرى ئۇنىڭغا پەرقسىز قاراشقا باشلايسەن.

ئا. پۇلىي

قورقۇنچاق، ھاياسىز يوقاتقان ئادەم ھەرقانداق پەسكەشلىككىمۇ رازى بولۇشى مۇمكىن.

ج. لابرىيوپېر

دىلىمىزدا ياشايدىغان قانۇن ۋىجدان دەپ ئاتىلىدۇ. ۋىجدان ئەسلىدە ئىش ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ شۇ قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىشىدۇر.



ئى. كانت

قانۇنلار قانۇنىي ۋىجداندۇر.

ئا. لامارتىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالىي ھۆكۈم ۋىجدان ھۆكۈمىدۇر.

ۋ. ھيۇگو

ئىنساننىڭ قانداقلىقى تەنھا ئۆزى قالغان ۋاقىتتىكى ھالىتىدە بىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئىنساني ماھىيەت ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى باشقا بىرسى ئەمەس، ئەينەن ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانى باشقۇرغاندىلا نامايان بولىدۇ.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكي

قانداقتۇر بىرەر ئىشنى قىلىپ، كېيىن يوشۇرۇپ كېتىمەن، دەپ ئويلىما، باشقىلاردىن يوشۇرغىنىڭ بىلەن ئۆز ۋىجدانىڭدىن يوشۇرالمايسەن.

ئىساكرات



ئادەملەر ھۆكۈمنى كۆزگە ئىلماسلىق مۇمكىن، ئەمما ئۆز ھۆكۈمىڭدىن قاچالمايسەن.

ئا. س. پۇشكىن

ۋىجدان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ يېقىن ئادەملىرىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك ئېھتىرامى ياكى تەنبىھكە لايىقلىقىنى خاتاسىز كۆر- ستىپ بەرگۈچى سودىيەدۇر.

پ. گۈلباخ

ۋىجدان بىز ئىگە بولغان ھەممە كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ دانا كىتابتۇر، ئۇنىڭغا تېز ـ تېز كۆز تاشلاپ تۇرۇش كېرەك.

ۋ. پاسكال

ۋىجدانىمىز، ئەگەر ئۇنى ئۆزىمىز نابۇت قىلمىغان بولساق پاك سودىيەمىزدۇر.

ئو. بالزاك

ئادەملەردە ۋىجدان ۋە ئەقىل روشەنلىكىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

ئا. پ. چېخوف

ساپ ۋىجدان ـــ ئەڭ كېرەكلىك زىنىنەتتۇر.

تىتېسرون

ساپ ۋىجدان ئاۋازى يۇزلىگەن شان ـ شۆھرەت ئاۋازىغا

نىسبەتەن يېقىملىقراقتۇر.

پ. بوئاست

ۋىجدانسىز بولساڭ، دانا ئەقىل بىلەنمۇ ياشىيالمايسەن.

م. گوركىي

ۋىجدان ئادەملەر ھاياتىنىڭ ئادىل رەھنەماسىدۇر.

ل. ن. تولستوي

ۋىجدانىڭ بۇيرۇمىغان ھەممە نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارت.

ل. ن. تولستوي

ئۆز ئەيىبىڭنى ئۇنتۇشۇڭ نومۇسسىزلىقا ئېلىپ بارىدۇ.

دېموكرىت



ۋىجدانغا زىت ئىش قىلما ۋە ھەقىقەتكە زىت نەرسىنى سۆزلىمە. شۇ مۇھىم نەسىھەتكە رىئايە قىلساڭ، ھاياتىڭدا ئۆز ئالدىڭغا قويغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلىسەن.

م. ئاۋرېلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

دائىم ئىرادەڭگە ھاكىم بول. ۋىجدانىڭنىڭ قۇلى بول.

م. بېنېر ـ ئېشېنباخ

ساپ ۋىجدان — بۇ بىر ئۆمۈرلۈك تەنتەنە.

سېنېكا

كۆپچىلىك قانۇنى ۋىجدان ئىشىدا تايمايدۇ.

م. گەندى

ساپ ۋىجدان باشقىلارنى خۇشال قىلغانلىقتىن، خۇشاللىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر؛ پاك بولمىغان ۋىجدان بولسا ئۇقۇش-ماسلىق، خاتالىقىش ياكى ھاياجان زورى بىلەن بىرسىگە جاپا سېلىشتىن كېلىپ چىققان ئازاب ۋە جەبىر چېكىشنىڭ ئۆزىدۇر.



ل. فېيېرباخ

ئۆتكەن ئىشلىرىڭدا ئەيىبىڭ بولمىسا — ساپ ۋىجدان

ئىگىسىسەن.

گوراتسىي

ۋىجدان يولىغا كىرىش يېقىملىقتۇر.

ئو. بالزاك

ساپ ۋىجدان بوھتانىنىمۇ، مىشمىشىنىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ.

ئوۋىرىي

پاك يۈرەكنى قورقۇتۇش قىيىن.

ۋ. شېكىسپىر

پاك بولمىغان ۋىجدانىغا تەسكىن بەرگۈچى ھەرقانداق نەرسە جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ.

پ. بوئاست

ھەرقانداق ۋەزىيەتتىمۇ ۋىجدانە ئىش قىلمىغان ئادەمگە ھېچ-قاچان ئىشەنمە.

ل. ستېرىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ھەمدە پۇشايمان بىلەن باغلىق ۋىجدان ئازابى ئادەم بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى مۇھىم پەرقتۇر.

چ. دارۋىن

كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ۋىجدانى — باشقىلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن چۈچۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ژ. تەيلور

ئەقىل ۋە ۋىجداننى ئۆز ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا يالغان سۆزلەش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئالداش قىيىن.

ئى. گيوتى



قانچىلىغان غەم-قايغۇلىرىم بولغاندىمۇ، شۇنىڭدىن تەڭداشسىز بىر تەسكىن تاپىمەنكى، ھېچقانداق دۈشمىنىممۇ ۋىجدانىمنى تارتىۋېلىشقا قادىر ئەمەس. مەن بولسام ھېچقاچان ۋىجدانىمغا دىز سالغۇچى ئۆز دۈشمىنىمگە

ئايلانمايمەن.

گ. فىلدىڭ

ئەگەر قىنىپ ئۇخلايمەن دېسەڭ، ئورنۇڭغا ساپ ۋىجدان بىلەن يات.

ب. فرانكلىن

شان ـ شۆھرەتتىن كۆرە، كۆپرەك ۋىجداننىڭ ھەققىدە ئويلا.

پوبلىلىي سىر

ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغۋارلىقى ۋىجدانىغا قارشى بىرەر ئىش قىلىشتىن كۆرە ئۆمۈر بويى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئەۋزەل كۆرۈشكە بەل باغلىغىنىدىن بۆلەك يەنە قانداق ھاللاردا بىلىنىشى مۇمكىن؟

ۋ. گ. بېلىنىسكىي



ۋىجداننىڭ سۇسلاشقىنىنى ئىنسانىيەتكە زىيان كەلتۈرگۈچى ھەرىكەتلەرگە دەرغەزەپ بولالماسلىقتىنمۇ بىلىشكە

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

ئا. كامىيۇ

پەقەت ئالدامچىلىق، قىيىنچىلىق، نومۇسسىزلىق جەندىسىنى كىيگەن ئادەملا، ئۆز ۋىجدانىي ھۆكمىدىن قورقمايدۇ.

م. گوركىي

ئەيىبىنى ھېس قىلىش — ئەدەپلىك ئادەمنىڭ ياخشى تۇيغۇسىدۇر. پەقەت تەلۋە ۋە تايىنى يوق تەنتەكلا ئۆز ئەيىبىنى چۈشەنمەيدۇ.

ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي

ئەيىبىنى ھېس قىلىش ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىش ئەمەس، بەلكى ۋىجدان ئازابى، مەنىۋى ساپلىق ۋە دىيانەتسىزلىكنى ئىنتىلىشتۇر.



ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي

ۋىجدان پەقەت جىنايەت ۋە پەسكەشلىك سەۋەبىدىنلا

سۇسلىشىدۇ.

**ژ. لامېترى**

كۆپىنچە ئادەملەر خاتىرىلىرى بوش بولغىنى ئۈچۈنمۇ ساپ ۋىجدانلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ.

**ل. ن. تولستوي**

ۋىجدان خاتىرىدىن كۆرە ئىشەنچلىكرەك.

**م. يو. لېرمونتوف**

ئادەملەر ئۆزلىرى ئادەت قىلىۋالغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ھېچ ۋاقىت ۋىجدان ئازابى ھېس قىلمايدۇ.

**ف. ۋولتېر**

ئادەملەر ئۆز دىلى، ۋىجدانى، ئەقلىنى خۇددى ئاشقازانلىرىنى كاردىن چىقارغانلىرىدەك كاردىن چىقىرىدۇ.



**ن. شامفور**

كىمىكى ئۆز قىلمىشىدىن ئۇياتمىسا، ئۇ ئىككى ھەسسە ئەيىبكار.

**پوبلىلى سىر**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مۇتتەھەمنىڭ ۋىجدانىنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەستەك كېرەك.

ئارەستو

ۋىجدانى مەجرۇھ ئادەملەرگە قاراش تاياق يېگەنلەرگە قاراش-تىنمۇ دەھشەتلىك.

يو. فوچىك

ۋىجدان قەلبىنى تاتىلايدىغانلار ئۆتكۈر تىرناقلىق مەخلۇق.

ئا. س. پۇشكىن

ئادەملەرنى ھېچقانداق نەرسە پاك بولمىغان ۋىجدانچىلىك ئاۋارە قىلمايدۇ.

روتتېردامسكىي

ۋىجدان يارىسى ھېچقاچان تولۇق تۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ.

پوبلىلىي سىر

مەن ھاياتتا پەقەت ئىككىلا ھەقىقىي بەختسىزلىك بارلىقىنى

بىلىمەن، ۋىجدان ئازابى بىلەن كېسەللىك.

ل. ن. تولستوي

باشقىلارنى ئۆزىنى توغرا تۇتۇشنى بىلگەن ئادەم ۋىجدان ئازابى-دىن خالىيدۇر.

ئابول ـ فاراج

ۋىجدان ئازابى قولدىن كەتكەن پەزىلەتلەرنىڭ ئەكس ساداسىدۇر.

ئە. بوۋېر ـ لىتتون

جازا بېرىلمىگەن جايدا ۋىجدان ئازابى باشلىنىدۇ.

گ. گېلۋېتسي

ئەيىبىمىز يالغۇز ئۆزىمىزگە مەلۇم بولسا، بىز ئۇنى چاپسان ئۇنتۇيمىز.



ف. لاروشفېك

جىنايەتچىلەردە قالغان يېگانە خىسلەت ۋىجدان ئازابىدۇر.

ف. ۋولتېر

يامان ئىشلارغا توۋا ئىستىغبار قىلىش ئۆمۈرنى ئاسراپ قې-
لىش دېگەن سۆز.

دېموكرىت

كىمكى ۋىجدان ئازابى كېسەللىكىدىن قىينالمىسا، ھالال-
لىق توغرىسىدا ئويلىمايلا قويسۇن.

ژ. رېنار

نومۇس —ئېسىل گۈزەللىك!

ر. روللان

نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى!

ۋ. گ. بېلىنسكىي

نومۇس —بۇ تاشقى ۋىجدان، ۋىجدان بولسا — ئىچكى
نومۇس.

ئا. شوپېنگائوئېر

كۆپچىلىك ئۇچۇن مەنپەئەتلىك ئىشقا ھەرقانداق ۋەزىيەتتە



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جۇرئەت قىلىشنى بىلىش ھەقىقىي نومۇستۇر.

**ب. فرانكلىن**

نومۇس جاندىن قىممەت.

**ف. شىللېر**

نومۇس چۈشەنچىسى ئەخمەقنى جازا ھەققىدىكى ھەرقانداق كىتابچىلاردىنمۇ ياخشىراق ئىزغا سالىدۇ.

**ئا. سېرن ـ سىمون**

نومۇسنى ساتقان بىلەن ئادەم بېيىمايدۇ.

**ل. ۋوۋېنارگ**

ھەقىقىي نومۇس ئەگرىلىككە تاقەت قىلالمايدۇ.

**گ. فىلدىڭ**



ھەربىر ئازابقىمۇ رازىمەن، تەييار،
نومۇسىم زەخمە چەكمىسۇن زىنھار.

**پ. كارنېل**

خەلقتىن بىر قەدەم چەتلەپ تۇرۇپ ئادالەتتىن قانداقمۇ سۆز

www.uyghurkitap.com

ئاچقىلى بولسۇن.

خەلق ئادالەتنىڭ گەۋدىسى، مىزانى ۋە تەھرىرى.

ئادالەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ خەلقنىڭ كۈندىلىك ۋە تارىخىي مەنتىقىسى، بىجىرىم ھېساب ـ كىتابى.

ئادالەتنىڭ تۇغى ۋە ھەققانىيەتنىڭ خىتابى ئەنە شۇ مەنتىقە بىلەن ھېساب ـ كىتابتىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ دىدار مەنىۋى زەربىسى ماددىي، مەسخىرىسى تارىخىي...

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» دىن**

زېمىن پەرياد چېكىپ تۇمانلاشقاندا قايغۇرۇپ سارغىيىمەن. قۇياش كۈلگەندە شەپەق بولۇپ قىزىرىمەن.

مېنىڭ بىلىدىغىنىم راستچىللىق، مېنىڭ ئىقتىدارىم يو- پۇقسىز ئەكس ئېتىش.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» دىن**



جاھاننەما ئەينىكىگە ئوخشاش ئۇزەمەي قارايمەن، ھادىسىلەرنىڭ قاسىراقلىرىنى شۇپۇڭدايمەن. مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم ماھىيەتلەرنى يوشۇرىدىغان دەللىلەر ئەمەس. چۈنكى، چاكىنا قىمىرلاشلار، ئەر- زىمەس پاكىتلار ماڭا ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. مېنىڭ

ئىزدەيدىغىنىم ماھىيەتلەرنىڭ ئاچقۇچى. پاكىتلارنىڭ كۈچى ئۇ-نىڭ جەمئىيىتىدە، ماھىيەتلەرگە باغلىنىشىدا، ۋاقىتەگكۈرلۈكتە ئەمەس!

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن**

ئۆز - ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقسىزلىقى نېمىدېگەن كەسكىن پەرقلىنىدۇ - ھە!

ھەققانىيەتنى ئاقلاش ۋە ئۇ زۆرۈر تاپقاندا ئۆزۈڭنىڭ ھوقۇقۇڭ بولمىغاندا ساڭا ھامىيلىق قىلىدىغان قىلىۋاتقان يەنە نېمەڭ بار. ئۇلار خۇشامەت، قۇلچىلىق، ئەندىشە ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش…

ئۆز - ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىنغان جايدا ھەقىقەتكە سۈكۈت قىلىش، يالغان سۆزلەش، دۆڭگەش ۋە جىنايى بوھتان بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن**



نۇرانە نەرسىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كۆرە، ئۇنى ساختىلاش-تۇرۇشنىڭ بالايىئاپىتى قورقۇنچلۇق.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن**

پاراسەتلىك غالىب ئۆرلەش پەلەمپەيلىرىنىڭ جەننەت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زەر قاپقىسىنىڭ بوسۇغىسى تېگىدە، جەھەننەم يالقۇنلىرى جۇش ئۇرۇپ، چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان غالىبتۇر.

ئەگەر ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پاراسەتچىلىكتە غالىب بولالىغىنىدا ئىدى، زەنجىرلەنگەنلەر ئۇستىدىكى تەنتەنىلەرنىڭ تۈگەتكۈسىز تارىخى مەسخىرە ئۈچۈن بېرىلگەن ئازغىنا گۆرۈ ھەققى ئىكەنلىكىنى سەزگەن بولاتتى. بۇنى سەزگەن قەلب جاھاننەما بىلەن بىللە رىم ئىمپېراتورلىرى، تۈركىيە ئىستىبلاچىلىرىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى كۆزىتىپ تېگىرقايدۇ، ھەققانىيەتنىڭ ئاسماندىن، زېمىندىن، نەپەستىن ۋە مۇھاكىمىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ساداسىنى ئىڭشايدۇ. چۈنكى، ھەققانىيەت — تارىخنىڭ مەنتىقىسى. ئەگەر ئالەمدە ھەقىقىي ۋە كىشىنى ئالدىمايدىغان زەپەر بار دېيىلگەندە، ئۇمۇ مۇشۇ تارىخ مەنتىقىسىنىڭ زەپىرى. ئۇ سېنىڭ ئەندىشىلىرىڭ ئىچىدە غالىب.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن



ئەپسانىدىكى ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم بولغان ئادەم، ھەقىقەتتىكى ئەپسانىلەرنى چۈشىنىشتىنمۇ مەھرۇم بولغان

ئادەمدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

غالىب بولۇشقا ھېرىس بولمىغان بىرەرمۇ تاجىدار يوق. ئۇ-
لارنىڭ تارىخىي مەغلۇبىيىتى بىر قانچە مۇزېيىنى تولدۇردى. ئۇ-
لارغا مەدەت قىلمىغىنى جەڭ خۇداسى — يېڭىلمەس
ھەققانىيەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ھەققانىيەت ھەققىدىكى قۇرۇلۇش بارلىق بىناكارلىقتىن
مىڭ ھەسسە ئەۋزەل قۇرۇلۇش، ئۇنىڭسىز نىجادىيەت، ئۇمىد ۋە
يۈكسىلىشنىڭ يولى يورۇمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب، خەلقىمىزنىڭ
تارىخىي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلب،
مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا جان پىدا
قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈ-
رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

www.uyghurkitap.com



ھەقىقەت تولىمۇ ئاچچىق نەرسە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ يەنە پۈتكۈل شېرىنلىكلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۇلۇغ باغۋەندۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدا قايتا گۈيلىنىش» تىن

ھەقىقەت بىر قېتىمدىلا بىلىنىپ كەتمەيدۇ، ھەقىقەتنى بىلىش بىر جەريان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» دىن

ھەقىقەت بەرىبىر بىر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» دىن

ھەقىقەتنىڭ ئەڭ چوڭ كۈشەندىسى ساختىلىق، نادانلىق، تەنتەكلىك، جاھىللىق ۋە قەبىھلىكنىڭ ھەقىقەت ھەتتا تەنتەنىلىك ھەقىقەت قىياپىتىدە پىكىر يوللىرىنى قامال قىلىۋېلىشىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقى تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» دىن

ھەقىقەتنى ھەقىقەتكە لايىق نىيەت ۋە ئۇسۇلدا ھىمايە قىلماسلىق مىللەتنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇياشى بولغان

ئىلمىي تەپەككۇرغا قىلىنغان ئاسىي ـ جاپىلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە» دىن

پاكلىق ـــ سەممىيلىكتۇر. تەنقىد ـــ ئىلىم، تەنقىد ـــ ئەخلاق، تەنقىدچىلىكتە غەلىبە قازانغان بىرەر تەنتەكنى تېخى تەنقىدچىلىك تارىخى بىلمەيدۇ! خاتالىقنى تازىلايمەن دەپ خاتاغا يول قويۇش تەنتەكلىكتىنمۇ بەتتەر تەلۋىلىك بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە» دىن

ھەر كىم ئۆز ئاۋازىدا سۆزلەيدۇ، ئۆز قەدىمىدە ماڭىدۇ، ئۆزىنى يازىدۇ، ئۆز ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە» دىن

ھەقىقەت چەكتىن يېرىم قەدەم ئېشىپ كەتسىلا بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» تىن



دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە، ئۇنى ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىنسا ھەقىقەتنى بىلىشكە يول ئېچىلىدۇ. ئەگەر كېسىۋېلىنغان ئىككى ئۇچى سېلىشتۇرما ئاردىكى تۇتاشتۇرغۇچى ھالقىلار نەزەردىن ساقىت قىلىنسا،

www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ.

**ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك سىرى» دىن**

ھايانىڭ مەنىسى يامان ئىشنى قىلىشتىن ئۇيالماقتۇر. ئۇ، ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەت ۋە ئوبدان ئادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھايا — گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. ئىنسانىدىن ھايا كۆتۈرۈلسە، ھېچ كىشى ھېچ كىشىدىن ئۇيالمايدىغان بولىدۇ، جەمئىيەت ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ، ياخشى رەسىم ـ قائىدىلەر تۈگەپ كېتىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدۇ، ئىنساپسىزلىق ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىپ، نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىدىغان بولىدۇ.

**موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى**

كۆپچىلىك ئۇچۇن ھايادىن پايدىلىقراق ياخشى نەرسە يوقتۇر، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى ئەخلاق مېۋىسى، ھايا سۈيى، ھايا

ئاپتىپىدىن پەرۋىش تاپمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ خام ھالىتى بويىچە قې-
لىۋېرىدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئار ـ نومۇس قولدىن كەتسە، ھەممە تۈگىشىدۇ، شۇڭا ئا-
شىق ـ مەشۇقلار ھەرقانچە مۇشكۈل ئەھۋالغا قالسىمۇ، شەرمى ـ
ھايا، ئار ـ نومۇس مىزانىغا رىئايە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ
ئاھۇ زارلىرى يەتتە قات ئاسماننىڭ پەردىلىرىنى يىرتىپ
تاشلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز يۈزلىرىدىن شەرمى ـ ھايا پەردىسىنى
ئاچمايدۇ.

موللا سدىق يەركەندى

پاراسەت ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ ئۇلۇغ شەرتىدۇر، مەملىكەتنىڭ
زىنىنتى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا پاراسەت زىنىنتىدۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى



ھەرقانداق ئىشتا ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىش لازىم، چۈنكى
ئەقىل ـ پاراسەت ئادەمنى باشقۇرغۇچىدۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

بىپەرۋالىق قىلىپ ياكى خاتالىشىپ باشقىلارنى بەختتىن

مەھرۇم قىلىنغان ئادەم ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

**ئەبۇ نەسىر فارابى**

غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇيقۇ بىلەن خام - خىيالدىن ئىبارەتتۇر.

**زىبۇننىسا**

ئادىللىق ۋە سەمىمىيلىك — ئۆزئارا ئىشىنىشنىڭ ئاساسى. ئەگەر كىشىلەر مەلۇم بىر ئادەمنىڭ قەتئىي ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ئادەم چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

**لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن**

سەمىمىي ۋە ئادىل پەزىلەت بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاشۇ كىشىدىكى ئادىمىي خىسلەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. خۇددى بىر ئۆلىما ئېيتقاندەك «ئاچ - يالىڭاچ ئۆتسەڭمۇ، لېكىن ئادىمىي خىسلىتىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىڭگە تۇغما سادىق كېلىدۇ». دېمەك ئادىللىق ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، قانداق ئادەم بىلەن بىرگە

بولما ئۆزۈڭگە سادىق بولۇپ، سۆز ـ ھەرىكىتىڭنى ئۆزئارا ماسلاشـ تۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشۇڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ناۋادا سەن ئۇنداق قىلالمىساڭ، ئاخىرى ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن. چۈنكى باشقىلار ساڭا ئىشەنمەيدۇ؛ سەن بىلەن بىرگە ئىشلەشنى ياكى ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلىشنى خالىمايدۇ. مۇبادا نۇرغۇن ئادەملەر سەن بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمىسا، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانما ھەممىسىدە مەغلۇپ بولىسەن.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

سەمىمىي ۋە دۇرۇسلۇق — ئادەمنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

سەمىمىيەتسىز ۋە نادۇرۇس ئادەمنىڭ ئىناۋىتى بولمايدىغانـ لىقى ئۈچۈن، ئۇنداق ئادەمنى باشقىلار ئارىغا ئالمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تالانتى ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئامىلى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى باشقىلار پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىش ئادرېسى

سەممىيلىك ۋە دۇرۇسلۇق — ئۆمۈرلۈك بايلىق.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئىككىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولىمەن دېگەن ئادەم ئاخىرىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاغزىدا كۆل-كە - چاقچاق قىلىپ، قوينىدا پالتا - پىچاق ساقلايدىغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

گۇمانخورلۇق گويا شەپەرەڭگە ئوخشايدۇ، ئۇ ھامان زاۋال پەي-تىدە ئۇچۇشنى باشلايدۇ. بۇ خىل كەيپىيات ئادەمنى قايمۇقتۇرىدۇ ھەمدە ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ. ئۇ سىزنى بىئارام قىلىدۇ، دۈشمەن بىلەن دوستنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشنى بۇزىدۇ.



«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

گۇمانخورلۇق پادىشاھنى زالىم قىلىدۇ، ئەردە كۈنداشلىق قوزغايدۇ، ئەقىللىقلەرنى قاتمۇ قات گاڭگىراش ئىچىدە

قالدۇرىدۇ.

«بىكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

گۇمانخورلۇق كۆڭۈلدە ئەمەس، كاللىدا پەيدا بولىدۇ. ناھايىتى كەسكىن ئادەممۇ بەزىدە بۇ خىل تۇيغۇغا كىلىپ قالىدۇ.

«بىكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئادەم باشقا كىشى ئارقىلىق ئۇققان گۇماندىن بەكرەك پەخەس بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ بىر تال ئارىنى بۇزىدىغان زەھەرلىك تىكەن بولۇشى ئىھتىمال. مۇمكىن بولسا، گۇمانىڭىزنى يوققا چىقىرىش ياكى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى سىز گۇمانلانغان ئوبيېكت بىلەن سەمىمىي ھالدا پىكىر ئالماشتۇرۇڭ، لېكىن پەسكەش، چاكىنا ئادەملەرگە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ گۇماندا ئىكەنلىكىڭىزنى سەزسىلا، بۇرۇنقىدىنمۇ رەزىل ۋە پەسكەش سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ.

«بىكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

قۇۋۇلۇق بىر خىل ئۇسال پاراسەت. گەرچە قۇۋۇلۇق بىلەن

پاراسەت كۆرۈنۈش جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما سەممى-مىيلىك جەھەتتىلا ئەمەس، ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن**

ئىناۋەتنى ساقلايدىغان كىشىلەر ھەمىشە دېگىنىنى قىلىدۇ. مەيلى قانداق ۋەدە بەرسۇن، ھەتتا ۋاقىت توغرىلىق ۋەدە بەرسىمۇ، چوقۇم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، كىچىككىنە باشقىلارنى ئازراقمۇ كۈزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ.

**ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن**

سەممىي بولۇش «ھەرقانداق ئىشتا كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق» نى كۆرسىتىدۇ.

**ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن**



ئىشەنچ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كاتالىزاتور بولۇپ، سەممىيەت ئۇستىگە قۇرۇلغان. كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىش، سۆيۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ قىيىن ھەم ئەڭ مۇھىم بىر قەدەم.

سەممىمىي بولۇش قارشى تەرەپكە ئۆزىڭىزنىڭ ئۈمىدىنى ئېنىق ئېيتىش، باشقىلارغا مەسئۇل بولۇش، مەيلى ياخشى خەۋەر بولسۇن ياكى يامان خەۋەر بولسۇن ھەممىنى سەممىمىي يەتكۈزۈش ھەمدە قارشى تەرەپكە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشىڭىزنى، ئادەم بولۇشتىكى بىردەكلىك، ئادىللىق ۋە مەيدانى مۇستەھكەملىك قاتارلىقلارنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، بىز بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزدە ئازراقمۇ كۆز بوياMچىلىق قىلماي، قەتئىي ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشىمىز، پايدا - مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشماي، چىنلىق ئىزدىشىمىز كېرەك.

**ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن**

**ئەۋلىيا بولۇش — ئۇ ئالاھىدە بىر ئەھۋال؛ سەممىمىي بولۇش بولسا ئادەم بولۇشنىڭ توغرا يولى.**

**ھېۋگو**



**سەممىمىي ئادەم ئىلاھ ياراتقان ئەڭ ئېسىل ئەسەردۇر.**

**پوپې**

**سەممىمىي ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى ھامان ئازادە بولىدۇ،**

www.uyghurkitap.com

كۆڭلى قارا ئادەملەرنىڭ بولسا ھامان پاراكەندە بولىدۇ.

ئېپىكورۇس

ئادەمگە بەخت ئاتا قىلىدىغىنى جىسمانىي جەھەتتىكى ئۇس-تۈنلۈك ئەمەس، بايلىقمۇ ئەمەس، بەلكى سەمىمىيلىك ۋە ئېھتى-ياتچانلىق.

دېموكرىت

مەن توغرا يولدا دادىللىق بىلەن مېڭىۋاتىمەن، ئادالەت ۋە ھەقىقەتكە ھەرگىز زىيان يەتكۈزمەيمەن، ھەرقانداق ئادەمگە خۇشا-مەت ۋە سۇسلۇق قىلمايمەن.

روسسو

دۇرۇس ئادەم بولۇش ئۈچۈن، روھنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن ئەقىلنىڭ يۈكسەكلىكىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

خېلۋېتىئۇس



باشقىلارنىڭ سەمىمىيىتىگە قەتئىي ئىشىنىش ئۆزىنىڭ ئا-لىيجانابلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدۇر.

مونتايىني

ئادەم سەمىمىي بولۇشى كېرەك، چۈنكى سەمىمىيلىكنىڭ ئىچىدە قايىل قىلىش كۈچى ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ سىرى بار، ئەخلاقنىڭ تەسىر كۈچى بار.

ئامىئېل

ئۆزىنى كۆرسىتىش بىلەن سەمىمىي بولۇشنىڭ بىر روھنىڭ ئىچىدە سىغىشىپ تۇرالىشى تەس.

روسسو

ئەگەر سەن دۇرۇس ئادەم بولساڭ، باشقىلارنىڭ تۆھمەت چاپ- لىشىدىن قورقما.

سەئدى



ياخشى ئادەم بولماق ئاسان، لېكىن سەمىمىي ئادەم بولماق تەس.

ھيۇگو

بىزنىڭ كۆرەش نىشانىمىز ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارىيسى



بەلكى سەممىيلىك بىلەن ياشاشتۇر.

سېنىكا

سەممىيلىك ھەرقانداق دانالىقتىن ياخشى، يەنە كېلىپ ئۇ دانالىقنىڭ ئاساسلىق شەرتى.

كانت

سەممىيەت بولمىسا، قەدىر - قىممەت نەدىن كېلىدۇ؟

سىسېرو

ئەگەر ئادالەت بىلەن سەممىيەتتىن ئايرىلسام، بۇ دۈشمەنلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئۆزۈمنى مەغلۇپ قىلغانغا باراۋەر.

شېكىسپىر



سەممىيلىكتىنمۇ مۇھىم گۈزەل ئەخلاق بولمايدۇ.

گودۋىن

سەممىي، ئەمما بىلىمسىز بولۇش ئاجىزلىق، يارىماسلىق؛ لېكىن بىلىملىك بولۇپ، سەممىي بولماسلىق خەتەرلىك،

قورقۇنچلۇق.

جونسون

مېھرىبانلىق بىلەن سەمىمىيەت ئۆزئارا يېقىن، ئادالەت بىلەن تىنچلىق ئۆزئارا قېرىنداش.

«تەۋرات»

سەمىمىي، قىزغىن، يورۇقلۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئا-دەم چىداملىق ھەم مەسئۇلىيەتچان بولمىسا بولمايدۇ.

لۇشۈن

پەقەت ئۆزىگە سادىق بولغان كىشىلا باشقىلارغا ھىيلە ئىشلەتمەيدۇ.

شېكىسپېر



باشقىلاردىن سەمىمىيەتنى تەلەپ قىلسام، ئۆزۈم سەمىمىي بولۇشىم لازىم.

دوستويېۋسكىي

سەمىمىي ئادەملەر ھېچقاچان ئۆز سەمىمىيىتىدىن ئۆكۈنگەن

ئۇيغۇر كىتابلىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەمەس.

ت. فوللېر

ئىناق ـ ئىجىل تۇرمۇش، سەمىمىي ـ سادىق خاراكتېر مەيلى قانداق قاتلامدا بولسۇن، ئەڭ قارا نىيەت ئادەملەرنىڭمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

بالزاك

ئادەملەرنى ئەڭ تەسىرلەندۈرەلەيدىغىنى سەمىمىيلىك.

شېكىسپىر

قولاققا ياقمايدىغان راست گەپ يېقىملىق ۋەسلەردىن ئەلا.

يۇري بوندارىيېف

كىيىمنىڭ باشقىلارغا تەسەللى بولالىسۇن، بولمىسا جىم تۇر. غىننىڭ ياخشى؛ راست گەپ قىلىپ دەرد تارتساڭمۇ تارتقىن، يالغان گەپ قىلىپ قاچما.

سەئدى

ئالدامچىلىق بىلەن تولغان دۇنيادا، سەمىمىي ئادەملەرنى ئەكسىچە باشقىلار ئالدامچى دەپ قارايدۇ.

گىدې

دۇرۇس، پاك بولغان تۇرمۇش يولىدا ماڭساڭ، ۋىجدانىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ.

گوركىي

كۆچلۈك قىزغىنلىق ـ سەمىمىيەت بولۇشى لازىم. سەمىمىيەت قىزغىنلىق ئەكىلىدۇ.

رۇسىل · H كونۋېل

سەمىمىيەت مۇنازىرىلىشىش ئىقتىدارىنىڭ بىر قىسمى؛ ئۆزىمىز قىزغىن، سەمىمىيەت بولغاچقا، باشقىلارنى قايىل قىلالايمىز.



ۋىليام هازلىت

ـــپاكىتنى ئىنىقلىۋال ـــ پاكىتنى باغرىڭغا باس. چۈنكى ئەڭ مۇھىم نەرسە قىزغىنلىق، ئەمما قىزغىنلىق سەمىمىيەتتىن

كېلىدۇ.

رالپ ۋالدو ئېمېرسون

دوست — سەمىمىي ـ راستچىل، چىقىشالايدىغان ئادەمدۇر. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن پىكىر يۈرگۈزەلەيمەن. مەن ئاخىر مۇشۇنداق راستچىل ۋە لايىق ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدىم، مەن ھەتتا قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ساختىلىقنى، ئەدەپنى تاشلىدىم، كىشىلەر ئەزەلدىن سېلىپ باقمىغان توننى سېلىۋەتتىم ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن خۇددى بىر ئاتوم يەنە بىر ئاتوم بىلەن ئۇچراشقاندەك ئاددىي ۋە مۇكەممەل ھالدا بېرىش ـ كېلىش قىلدىم. سەمىمىيەت خۇددى شان ـ شەرەپ ۋە نوپۇزغا ئوخشاش ئەڭ ئالىي قاتلامدىلا بولىدۇ، پاكىتنى سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىدىغان ئەھۋال بىر خىل ھەشەمەتچىلىك. ھەربىر ئادەم يالغۇز قالغاندا سەمىمىي بولىدۇ، ئەمما ئىككىنچى بىر ئادەم قوشۇلغاندىن كېيىن ساختىلىق باشلىنىدۇ. بىز بۇنداق يېقىنلىشىشنى خۇشامەت قىلىش، گەپ سوراش، چاقچاق قىلىش، خىزمەت قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق توسىمىز ۋە چەكلەيمىز. بىز ئىدىيىمىزنى قاتمۇقات يېپىپ ئورايمىز ... مەن ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەپكە، مادارا قىلىشقا موھتاج — ئۇ مەلۇم بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خىل نامغا، مەلۇم بىر خىل ئىستېداتقا ئىگە، ئۇنىڭ مېڭىسىدە گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان، ئۆزگىچە دىنىي ئىدىيە ياكى مېھرىبانلىق ئىدىيىسى بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنى بۇزىدۇ. لېكىن دوست بولسا ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەمدۇر، ئۇ مېنىڭ پەم ـ پاراسىتىمنى تاۋلىماي، بەلكى ئۆزۈمنى چېنىقتۇرىدۇ. دوستۇم مېنى خۇشال قىلىدۇ، لېكىن مەندىن سەجدە قىلىپ ھۆرمەتلەشنى ياكى ھەمىشە رەھمەت ئېيتىشنى ۋە ياكى ئۆزۈمنى ىقابىلىشىمنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا، بىر دوست ماھىيەتتە بىر خىل زىددىيەتتۇر. مەن، تەنھا قالغان مەن تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمنى بەلگىلەيدىغان مۇشۇنداق دەلىل ـ ئىسپاتنى كۆرەلمىدىم، مانا ئەمدى ئۆزۈمگە ئوخشاش نەرسىنى كۆردۈم، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكى، ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ئاجايىپلىقى بىلەن باشقا بىر ئوبرازدا تەكرارلىنىۋاتىدۇ؛ دېمەك، بىر دوستنى راستىنلا چوڭ تەبىئەتنىڭ نادىر ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ.



رالپ ۋالدو ئېمېرسون

بەزىدە جامائەتچىلىكنىڭ پىكرى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ ياردەم بېرىدۇ. لېكىن ئۇ بىزنى ئۆز كۆڭلىمىزدە ئويلىغان ۋە

يەتكۈزمەكچى بولغان مۇددىئايىمىزدىن چەتلەتمەسلىكى لازىم، چۈنكى، سەمىمىيەت سەنئەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى. ئۆزىمىزگە سەمىمىي بولساقلا، سەنئەت ھامان شۇ يەردە تۇرىدۇ، ئۇ بىزنى ھەرگىز ئۇمىدسىزلەندۈرمەيدۇ.

كورنېلىيە ئوتىس سكىننېر

تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەڭ قاتتىق ئېزىدىغىنى سەمىمىيەتسىزلىكتۇر.

ئاننى مورروۋ لىندبېرگ

شان ـ شۆھرەت قازىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭىزنى تازا، كۆڭلىڭىزنى يورۇق تۇت: سەن بىر كۆزنەك بولۇپ، شۇ ئارقىلىق بۇ دۇنياغا كۆز تىك.

گېئورگې بېرنارد شاۋ

ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلمەيدىغان بەزى ئىقتىدارغا ئىگە، چۈشىمىزدىمۇ قىلىپ كېتەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيمىز. پەقەت ئېھتىياج تۇغۇلغاندا، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن شارائىتقا تاقابىل تۇرالايمىز ھەمدە تاكى بۇگۈنگىچە قىلىپ كەتكىلى

بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيمىز.

دالى كارنېگ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈلمە

ئەگەر سەن ئىككى مۈشتۈكنى چىڭ تۈگۈپ ماڭا ھۇجۇم قىلساڭ، مېنىڭچە، مەنمۇ شۇنى ھۆددە قىلىمەنكى، مېنىڭ مۇشتۇمۇمۇ سېنىڭكىدەكلا چىڭ تۈگۈلىدۇ، ئەمما سەن يېنىمغا كېلىپ: «ئىككىمىز ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشەيلى، ئەگەر پىكرىمىز بىر يەردىن چىقمىسا، نېمە ئۈچۈن بىر يەردىن چىقمايدىغانلىقىنى، مەسىلىنىڭ زادى قەيەردىلىكىنى ئېنىقلىۋالايلى» دېسەڭ، بىز دەرھال شۇنى بايقايمىزكى، بىزنىڭ چىقىشالمايدىغان يېرىمىز ئانچە جىق ئەمەس، پىكرىمىزنىڭ بىر يەردىن چىقمايدىغان جايلىرى ناھايىتى ئاز، ئۆزئارا قوشۇلىدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سەۋر قىلساقلا، بىرگە بولۇشنى سەمىمىيلىك بىلەن خالىساقلا، بىللە بولالايمىز.

ۋودروۋ ۋىلسون



بىز روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەريانىدا بايقىغانلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە مەلۇم بولغان، ئەمما دائىم ئۇنتۇلۇپ كەلگەن پرىنسىپلاردۇر، ئۇ بولسىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، ھاياتلىقتا ئادەم تازا تەشنا بولىدىغان قانائەتلىنىشتۇر ... بىز بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەقتە ئۆزىمىزنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. قىسقىسى، ئادەملەر سەمىمىيلىك، چىن قەلبىدىن كۆيۈنۈش، ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ياكى ساداقەتلىكنى سېغىنىۋالمايدۇ.

قانائەتلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھەمراھى بىلەن بىر خىل مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە، بۇنداق مۇناسىۋەت ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىگە ئىشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دوكتور ۋىليام · C · مېنىنگېر

يۈز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشنى سەمىمىيلىك بىلەن خالايمەنكى، ئون دوستنىڭ ساختىلىق بىلەن ماختىشىغا ئېرىشىشنى خالىمايمەن.

پېتوفي

سەمىمىيلىك تەنقىدنىڭ ئەڭ شانلىق گۆھىرىدۇر.

دىسرائېلى

ھەكىملەر ئېيتىدۇ:

—ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان كىشىنى ياخشى كۆرۈشتىمىز

خەۋپلىكرەك ۋە قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمگە ياخشى-لىق قىلىشتىنمۇ زىيانلىقراق نەرسە يوق!

مۇھەممەد زېھنى

بىراۋغا ۋەدە قىلغان بولساڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل. ۋەدىگە ۋاپا قىلمىش — مەرد كىشىلەرنىڭ ئىشى، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ بولسا چىرايلىق خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر.

بېيىت:

ۋەدىگە ۋاپادىن كۆرە ياخشىراق،
نەرسە يوق جاھاندا، دوستۇم ئويلاپ باق!

مۇھەممەد ھۇسەيىن

ۋاپادار ئادەمنىڭ دوستلۇقىمۇ سەمىمىي بولىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كىشىدىن ھايا كەتسە، تېزدىنلا بالا يېتىپ كېلىدۇ.



مۇھەممەد زېھنى

ھېكمەت ھايا كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتۇرغۇچى ۋە ياخ-شىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر. كىمنىڭ ھاياسى بولمىسا، شۇنىڭ ئۈيتى بولمايدۇ ۋە بارچە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ، كىشىدە

ھايا بار بولسا، نەپسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھاكىم بولالمايدۇ ۋە كىشىنىگە ئەگەشتۈرەلمەيدۇ.

مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

ھەربىر ئەقىل ئىگىسى شەرم ـ ھايا يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۆز ھاياتى روناقلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىپ ئالسا، زامانىنىڭ چوڭ ـ كىچىكى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ۋە سۆھبىتىگە خېرىدار بولۇر، ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى كۈنسېرى ئاشۇر. ھۆرمەت كۆچىتى بولسا دوستلۇق باھارىنىڭ تەربىيىسى بىلەن مەقبۇللۇق بېغىدا ھۇزۇر ـ پەيزىنى سۇرۇۋېرۇر. ئېھتىرام بېغىنىڭ گۈللىرى ھەمىشە كۆز جۇدۇنىنىڭ زەرەرىدىن تەنەززۇلغا يۈزلەنمىگەي. مۇئەللىپ:

ھايا ساھىبلىرى ئىززەتتە بولغاي، دائىما خۇشال،

ھاياسىز بولسا ھەركىم كۈنى قالغاي نادامەتتە!

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد



ھېكايەت: چاشقانياپىلاقتىن سوراشتى:

ـــ ئالەمگە نۇر چېچىپ، ھايات بېغىشلىغۇچى قۇياشنى كۆرۈشتىن نېمىشقا ئار قىلىسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ـــ ھايا! ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. رۇبائىي:

چاشقانىياپىلاق ھالىدىن سورىدىلەر بىر كۈنى.
—نېچۈن ئاپتاپقا باقماي، ئۈچىسەن پەقەت تۈنجى؟
دېدى: ھەقىقىي ئاپتاپ يارىمىنىڭ جامالىدۇر،
يار جامالى تۇرغاندا نېچۈن ياقتۇراي كۈننى؟!

**مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

**ئىسكەندەر سۆزىدىن:** «ۋەدە بېرىپ بېجىرمەسلىك نەقەدەر قەبىھ ئىش، سۆزلىمەي تۇرۇپ بېجىرىش نېمە دېگەن چىرايلىق!»: قىتئە:

سۆزلىمەي بېجىرگەن مەرد كىشى بولۇر،
سۆزلەپ بېجىرسە ئۇ يېرىم مەردتۇر.
سۆزلىسەيۇ، بىراق بېجىرمىسە ھېچ،
قالۇر كۆلكىگە ئۇ، پۈتۈن نامەردتۇر!

**ئەبۇلبەرەكات قادىرىي**

بېخىللىق ئادەمنىڭ ئۆز مال ـ دۇنياسىغا جان ـ دىلىدىن يېپىشىپ ئېلىشىدۇر. بېخىل ئادەم ئۆزىنىڭ يېيىشى ۋە كىيىـ نىشى ئۈچۈن پۇل سەرپلەشنىمۇ خالىمايدۇ. مەسىلەن، نان، مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يېڭىسىنى ئېلىشقا كۆچى يەتـ سىمۇ كونىسىنى سېتىۋالىدۇ، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ يېڭىسىنى سېتىۋالماي، كونا ۋە يىرتىقلىرىنى سېتىۋالىدۇ، تازا ۋە پاكىز يەردە

**ياشاشنىڭ گورنىغا قاراڭغۇ، زەي سالامەتلىككە زىيانلىق جايلاردا ياشايدۇ.**

**خەيالىددىن ئەل ـ ھەسەنىي**

**ئادەملەرنىڭ ئالىيجانابى كىشىلەردە ئۆزىگە نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىنىشىغا ئۇرۇنغۇچى، ئادەملەرنىڭ بېخىلى بولسا دوستلىرىدا ئۆزىگە نىسبەتەن نەپرەت تۇغدۇرغۇچى كىشىدۇ.**

**«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

بارچە ئەلدىن تۇپراق كەبى پەس بولغىن،
ھەممە ئالدىن يەلدەك يەڭگىل ـ بوش بولغىن.
ھەرىكەت قىل ئەلنى ئەيلىگىن رىزا،
قول ـ ئاياغىن ئۆپكىن، قىلما نارىزا!

**نىزامىي گەنجەۋى**

بېخىل ياخشىلىقنى يامان كۆرۈر، يامانلىققا چاۋاك ئۇرۇر.

بېخىللىق بىر تىكەنكى، ئەگەر ئۇ كىمگە پاتسا ئۆلتۈرمەي قويمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

بېخىل ئادەم ھەمراھ بولمايدۇ، ئەگەر ھەمراھ بولۇپ قالسا قارنى كۆپۈپ ئۆلىدۇ.

**«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

**بېخىل كىشى ئۆز مال ـ مۈلكىنىڭ قاراۋۇلى ۋە ئۆزگىلەرگە قالدۇرىدىغان مىراسىنىڭ خەزىنىچىسىدۇر.**

**مۇھەممەد زىبھنى**

ــــ ھەي ئەزىزىم، ئەرەبلەردە «بېخىللىق ئوتتۇر» دېگەن ماقال بار. چۈنكى، بېخىللىق ئۆز ئىگىسىنى غەم ئوتىدا كۆيدۈرىدۇ. ئەرەبلەر بىر كىمنى بېخىللىقتا ئەيىبلىمەكچى بولسا، ئۇنى «نادىر بېخىل» دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا نادىر ئىسىملىك كىشى سەۋەبچى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى مۇنداق ئىكەن: ئېيتىشلىرىچە، بەنى بىلال قوۋمى ئىچىدە نادىر ئىسىملىك كىشى بار بولۇپ، ئۇ بېخىللىقتا مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئۆز تۆگىلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، قۇدۇق يېنىدىكى كۆلچەككە قۇيىدىكەن ۋە تۆگىلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان سۇنى كۆلچەكتىن يەنە ئېلىپ تالاغا سېپىۋېتىدىكەن ياكى ئۇنى بۇلغاپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان

www.uyghurkitap.com

قىلىۋېتىدىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن مەقسەت، مەن تارتقان چىقارغان سۇ بىلەن باشقىلار تۆگىسىنى سۇغىرىۋالمىسۇن، دېيىش ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى شۇنداق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر قىلىقى بار بولۇپ، تۆگىلىرىنىڭ قۇملىقنى تېپىپ چېچىپ توپىغا ئاۋ-لاشتۇرۇۋېتىدىكەن. چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭ قۇملاقتىن يېقىلغۇ سۈپىتىدە پايدىلىنىۋېلىشىنى خالىمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى «نادىر بېخىل» دەپ ئاتىشىدىكەن. شۇنىڭدىن بېرى كىم بې-خىللىق قىلسا، شۇنى «نادىر بېخىل» دېيىش ئادەت تۈسىگە كىرىپ قېلىپتۇ.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

بېخىل ئادەمگە ھەممە ئادەم يامان بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

بېخىل ئۈچۈن دۇنيادا راھەت يوق.

بېخىلنىڭ ئۆز دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ.

ھەرقانداق ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن، ئەمما بېخىللىق ئوتىنى ئۆچۈرۈپ بولماس.

يۈزۈڭ قارا بولسا ئەيىب ئەمەس، ئەمما كۆڭلۈڭ قارا بولمى-سۇن.

بېخىلغا مېھمان بولغان كىشى ھېچقاچان قورساق ئاغرىقىغا

ئۆچرىماس.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

بىر كىمنىڭ نەپسى ئۇنى ئۆز چېگراسىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، دېمەك بۇ ئۇنىڭ ئۆلگىنى شۇ.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

كىمكى كاج نەپس كويىغا گىرىپتار بولسا، بارچە بالالار ئاستىدا خار بولۇر. فەرد:

نەپسنى تارتمىسا كىشى بولۇر خار،
نەپسى ئۇنى قىلۇرلەر كوچا ـ كويدا زار.

كىشى هاياتلا ئىكەن، نەپسى بىلەن كۈرەشتە مەغلۇپ بولماسلىقى كېرەك. نەپس شۇنداق دۈشمەنكى تەكەببۇركى، كىبرۇ هاۋا ئۇنىڭ دائىمىي هەمراھىدۇر. بېيت:

نەپسىڭنى ئۆلتۈرسەڭ غەمدىن ئازادسەن،
دۈشمىنىڭ بولمايدۇ، دائىما شادسەن!

— هەي ئەزىزىم، كىمكى نەپسىنىڭ ئايىقىنى تىندۇرسا، نەپسى شۇ چاغدىلا ئۇنى سەرگەردانلىقتىن تىندۇرىدۇ. ئەگەر، مەرد بولساڭ نەپسىڭنىڭ بوينىنى ئۈز، بولمىسا بالا ـ قازالار دامىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

چۇشۇش رىجەسىنى تۈز.

مۇھەممەد جەبەلرۇدى

بىشىر ئىبىن ئەل ـ ھارىس ئېيتىدۇ:

—بىر يىگىت بايلىق ئىزلەپ ئۆيىدىن چىقاندى، ئۇ يول يۈرۈپ چارچاپ، بىر خارابىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى تامغا يېزىپ قويۇلغان تۆۋەندىكى قۇرلارغا چۈشتى:

ھەي قارشىمدا ئولتۇرغان، سېنى كۆرۈپ تۇرۇپمەن،
بىلىمەنكى، غەم ـ قايغۇدىن يۈرىكىڭ تولا قاندۇر.
قىينىمىغىل ئۆزۈڭنى، بارىڭغا سەۋر ئەيلە،
قانائەتلىك كىشىدىن غەم ۋە كۈلپەت نىھاندۇر.

يىگىت بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ، بايلىق ئىزلەش پىكرىدىن قايتىپ، ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

مۇھەممەد زىيھنى

ھېكمەت كىشىنىڭ نەپسى ئەقلىگە خىزمەت قىلسا، ئۇ كىشىگە بەخت ۋە دۆلەت يۈزلەنگەي، كىشىنىڭ ئەقلى نەپسىگە خىزمەت قىلسا، بەخت ـ ئىقبال ئۇنداق كىشىدىن يۈز ئۆرۈگەي.

بېيىت:

نەپسكى ئەقلىگە بويسۇنسا ئەگەر،
ئىقبال دەرىخىدىن يېمىش يەر كىشى.
ئەقىلدىن زىيادە بولسا ئەگەر نەپس،
كىشىنىڭ كۈندىن ـ كۈن ئارتار تەشۋىشى.

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

بۇ نەپسكى ئېيتسام توگىقۇش گويا،
يۈك كۆتۈرمەس يا ئۇچالماس ھەداۋا.
«ئۇچ!» دېسەڭ دەر: «توگە تۇرسام مەن ئەخىر!»
يۈكنى ئارتساڭ دەيدۇ: «قۇش تۇرسام ئەخىر!»
سەبزە رەڭلىك، رەڭگى كۆپ دىلكەش ئېرۇر،
تەمى كەكرە، ھىدى بولسا ناخۇش ئېرۇر.
«كەل ئىتائەتكە» دېسەڭ سۇسلۇق قىلۇر،
مەئسىيەتسېرى① ئىلدام — چۇستلۇق قىلۇر.

فەرىدىددىن ئەتتار



كىشىنىڭ ئۆز نەپسىدىن قېچىشى شىردىن قاچقىنىدىنمۇ

① مەئسىيە: گۇناھ، جىنايەت؛ ئاسىيلىق، يۈز ئۆرۈش.

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق.

**«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ھېكمەت ئۆز ئەپسىنى دەپ بايلىق توپلاشتىن قېچىش نەتىجىسى راھەت، كىشىنىڭ مېلىدىن تەمە يىمىگەنلىكى ئۆزىنىڭ نەتىجىسى مۇھەببەت، ئۆزگىلەرنىڭ سىرىنى بىلمۇقىلىپ، ئەيىبىنى ئىزلەشكە ئۇرۇنۇشتىن قول يۇيۇش نەتىجىسى يۈكسەك خۇلقتۇر.

بېيىت:

ئېغىر مېھنەتلەرگە يولۇقۇر ھەر كىم،
تەمە كۆزىن تىكسە دوستۇ دۈشمەنگە،
قىلغان تەمەسىگە يەتمىسە ئەگەر،
گىنە بىلەن ئازار بېرۇر كۆپ تەنگە.
تەمەخورنىڭ ئۆمرى ئۆتۇر غەم بىلەن،
ئاقىۋەت دەر بىر كۈنى: «ئاھ، ئەتتەڭگىنە!»
ھەر كىشى شادلىق ئىلە خەندان ياشىغاي،
بارىغا سەۋر قىلسا، بارماي «مەن ـ سەنگە».

**مەجدىددىن خەۋاف**

هەر كىم ئەگەر تۇتسا تەمە يولىنى،
ئاقىۋەت بولۇر دىۋانە بىر كۇنى!

فەرىددىن ئەتتار

تەمەگەرلىك يامان خۇلقلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تەمەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەبىھلىكلەردىنمۇ قايتمايدۇ، ھېچقانداق گۇناھتىن قورقمايدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ، يالغان سۆزنى ئىسپاتلىماق بولۇپ يالغان ئانت ئىچىدۇ. ئۇ ھەر خىل ھىيلىلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ ۋە ھارام يەيدۇ.

خەيالىددىن ئەل ـ ھەسەنىي

توغرا يۇرگىنىچۇن ئوق ئۆز يولىدا،
ئەزىزلەندى كۆرگىل شاھلار قولىدا.
دىلىڭنى تۇت توغرا، بالادىن قورقما،
ياقۇت ئىچكىن، ئەسلا ۋاپادىن قورقما،
قانداق ياخشى كىشى قىلمىسا كاجلىق،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

غەلىبىگە دائىم يول ئاچار راستلىق.

نىزامىي گەنجىۋى

ئەگەر كۆپلىگەن نەرسىلەرگە ئەمە كۆزى بىلەن قارايدۇ، بىراق ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەربىر موھتاجلىقتا قالىۋېرىدۇ. بايلىق كىشىنى ھېچ ۋاقىت ھەقىقىي بايلىققا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر بولسا بەخت ــ سائادەت ئادەمگە ئالتۇن ــ كۈمۈش ئارقىلىق كېلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمە ئارقىلىق توپلانغان مال ــ بايلىق ئەمەگەرنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، ھەتتا مىراسخورلىرىغىمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەمە كىشىنى ئىنسانىي خىسلەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ.

خەيالىددىن ئەل ــ ھەسەنىي

نېگە ئىنسان نەپسىنى دەپ بولدى خاراب،
بېشىغا چۈشتى ئۇنىڭ غەم بېھىساب.
كىمنى رەنجىتسەڭ بېرىپ ئۆزرەڭنى ئېيت،
چۈنكى دۈشمەن دائىما پايلايدۇ پەيت.
كىمكى پۇل ئىلە مال ئارزۇ ئېتەر،

بەس، قانائەتلە بۇ ئارزۇغا يېتەر.

فەرىددىددىن ئەتتار

ھېكمەت قايسى بىر دىل بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭدا تەمە دولقۇنى بار ئىكەن، ھەر دائىم قىلتاقىقا چۈشۈش خەۋپى بولىدۇ. تەمە غەپلەت تېمىنىڭ پۈشتىپاناھى، باتىل ئەندىشىلەر دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسى. بېيىت:

كىمدە تەمە بولسا ئۇنىڭدا غەپلەتتۇر،
غەپلەت زەمىرىدە يۈزلەپ ئاپەتتۇر.

ئەگەر، كىشى تەمە يېپىغا ئىلىنسا، بالا ئورىسىغا غۇلايدۇ. قۇشلارنى كۆرمىدىڭمۇ، ئۆزلىرى كۆكتە پەرۋاز قىلسىمۇ، يەردىكى دان تەمەسىدە قىلتاقىقا ئىلىنىدۇ. فەرد:

بىر سىقىم بۇغداي تۆكمەن تېشىنى سەرسان ئەيلىگەي!

ــــھەي ئەزىزىم، دۇنيادا ھەربىر بالا تەمەدىن ۋە ھەربىر ئاپەت يامانلىقتىن يۈز بېرىدۇ.



مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

تەمەخور بولما، كىشىنىڭ بېشىغا تەمەخورلۇقتىن تۈرلۈك بالالار كېلۇر. ئانچىكىم بىر ئىش ئۇچۇن كىشى غەزەپلەنمىگەي،

چۇنكى كىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا غەزەپتىن ئېغىر نەرسە يوق. غەزەپ كەلگەن چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلمەس. ھەرقانداق كىشى باشقىلارنى ئۆز پېئىلىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنمىغاي، بەلكى ئادەملەر قانداق پېئىلدا بولسا شۇ پېئىلىغا ماسلاشقاي.

**«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

—ھەي ئەزىزىم، ھەربىر بالا تەمەدىن كېلىدۇ.

ھېكايەت ئېيتىشلىرىچە، بىر شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى دالىدا قوي پادىسى بار بولۇپ، چوپان ئۆز قويلىرىنى قوغداش مەقسىتىدە بىر ئىتنى پاسىبان قىلىپ تەيىنلىدى. ئىت قويلارنى سادىقلىق بىلەن قوغداپ، ھېچبىر جاندارنى پادا يېنىغا يولاتماس ئىدى.

بىر كۈنى دالىغا يېقىن تاغدا ياشايدىغان بىر تۈلكە ئىت بىلەن تىل تېپىشىپ قالدى. تۈلكە ئىتقا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي خۇشامەت قىلار، ئىتنىڭ كۆڭلىدە بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىش تەمەسى جۇش ئۇرار ئىدى. ئىت شۇ تەمە تۈپەيلى تۈلكىگە ھەر كۈنى بىردىن قوزا ئىنئام قىلىشقا باشلىدى.



www.uyghurkitap.com

قويلارنىڭ كۈنسېرى كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن چوپان بىر كۈنى ئۆز ـ ئۆزىگە: «شۇنداق ساداقەتلىك ئىتىم تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بۇنداق ھال يۈز بېرىدۇ؟» — دەپ سوئال قويىدى ـ دە، پايلاشقا باشلىدى. ۋەقەدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، «ئۆزۈڭدىن چىققان بالاغا نەگە بارىسەن دەۋاغا، ئەمە ئىتتىنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ» دېدى. شېئىر:

پاسىبان ئايىغىغا كىردىيۇ تىكەن،

ئوغرى ماتالارنى ئوماردى ئاسان.

ئەزىزىم، كۆردۇڭمۇ، ئەمە ئىنسانلارنىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارنىمۇ يولدىن ئازدۇرار ئىكەن. شۇڭا ئىمكانقەدەر ئەمە دامىغا چۈشمەسلىككە تىرىشقىن!

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ھەر كىم ئازاد بولۇپ، شەرمەندىلىكتىن خالىي بولاي دېسە، ئەمەدىن يىراق بولسۇن.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن



ئەمەسى كۆپنىڭ ئىنساپى ئاز بولۇر.
ئەمەخور ئۆزىگە كېلىۋاتقان ھالاكەتنى بىلمەس.

www.uyghurkitap.com

پەسكەش ئادەم بىرەر كىمنى سۆيسە، ئۇ قورقىنىدىن سۆيىدۇ ياكى تەمەخورلۇقتىن.

**«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ھېكمەت ئاچ كۆز كىشىنى تەربىيەت قىلماق ئۆز ئابرۇيىنى تۆكمەكتۇر. ئۇنداق كىشى ئۆزگىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئاچ كۆز يامانلىق قىلماي قالمايدۇ. بېيىت:

ناكەسلەرنى قىلما تەربىيەت،
ياخشىلىققا يامانلىق قىلار.
چايانلارنى پەرۋەرىش قىلساڭ،
نىشى بىلەن ۋۇجۇدۇڭ تىلار.

**مۇئىنىددىن جۇۋەينى**

كىشىنىڭ ئۆز ھەققىدىن بىر كىمگە بىر نەرسە بېرىشى قىيىن، ئەمما بەرمەسلىك ئاچ كۆزلۈكتۇر.

پەسكەش ئادەمدە نومۇسمۇ بولمايدۇ.
جەۋاھىر بولسىمۇ ئېشەكنىڭ يۈكى،
ھەربىر ئېشەكتۇر يالتىراپ تۈكى.

**«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ھېكمەت كىشىنىڭ سېخىي دۈشمەندىن ساقلانغىنىدىن كۆرەر، خەسىس دوستتىن ئاسرانغىنى ياخشىدۇر. بېيىت:

ھەر كىمدە بولسا قەبىھ بىر ئادەت،
بۇ ئادەتنى قىلار بىر كۈنى تەكرار.
چاياننى كۆر تاشقا ئۇرىدۇ نىشىن
ۋەھالەنكى تاشقا ئۆتمەيدۇ زىنھار!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

خەسىسلىك كىشىنىڭ قەدرىنى يوقىتىدۇ، پالاكەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

كىمكى قانچىلىك بەدۆلەت بولسۇن، ئەگەر ئۇ خەسىس ۋە بېخىل بولسا، ئەل ئىچىدە ئابرۇيسىز ۋە قەدىرسىز بولۇر.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېرىس ۋە تەمە — دۇنياغا بولغان مۇھەببەت ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

نەپسانىيەتنىڭ مەھسۇلى ھەمدە ئەگرىلىك ۋە خىيانەتكارلىقنىڭ مۇلازىمى: فەرد.

توغرا بولۇپ، ئەل كۆڭلىگە ياقالىساڭ ئەگەردە،
ئەگرى بولۇپ، نەزەرلەردىن چۈشۈپ قالماق نە ئۈچۈن؟

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

—ھەي ئەزىزىم، بىلگىنكى، ھېرىس، تەمە يارىماس ئىشتۇر. ئۇ كىشىلەرگە خارلىق ۋە رەسۋالىق كەلتۈرۈر. شۇڭا، «خارلىق تەمەدىن كېلىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنداق يامان سۈپەتلەردىن قاچماق شادلىق ۋە ئابروي كوچىسىغا كىرمەكتۇر.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ھېكمەت دۇنيانىڭ ھەممە يامانلىقى قولۇپلانغان بىر ئۆيگە يوشۇرۇنغان، ئۇنىڭ كىلىتى بايلىققا بولغان ھېرىستۇر.

بېيىت:

بايلىق ئۈچۈن تۇزاق قويغان ھەركىمسە،
غەمدىن بۆلەك نەرسە كۆرمىدى ئەسلا!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

هېرىسلىق ۋاقتىڭدا ھۆكۈم چىقارما.

تىنچ ياشاي دېسەڭ قولۇڭدا بارىغا قانائەت قىل.

**«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

پەرھىزكارلىق بوستانىنىڭ گۈللىرى ھىددىن پاراسەت بۇرنى بىلەن ھىدلىيالايدىغان ھەربىر كىشى تۇغيان ۋە يامانلىق مەنزىللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى بولغان ھېرىس ۋە تەمەنىڭ تىكەنلىك مۇرۇلۇقىنى ۋە مال ـ دۇنياسىنىڭ ئاۋۇن بولمىقىنى دەپ ئىبلىسنىڭ ئالدىمغا چۈشۈپ، باشقىلارنىڭ مەئىشەت مەسىرىنى خاراب قىلىشقا ئۇرۇنمىغاي!

**بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد**



قانائەتسىزلىكتىن كېلىدىغان ئاپەتلەر ھېسابسىزدۇر. شۇلاردىن بىرى ھەسەتتۇر. ھەسەت — داۋاسى يوق دەرد، كىمكى ھەسەتتىن ئىبارەت بۇ دەردكە ئىلىنىپ قالسا، ئۆلمەستىن قۇتۇلمايدۇ.

**خەيالىددىن ئەل ـ ھەسەنىي**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



تۆت نەرسە باردۇركى، ھەي ئەۋلادى پاك،
ھەر كىشىنىڭ ئەيلىگەي قەلبىنى چاك.
تۆت نەرسىنىڭ ئاۋۋالقىسى بۇدۇر ھەسەت،
ئۇندىن قالسا ئۆزۈمچىلىك تا ئەبەد.
ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتالماسلىق بىرى،
ھەم بېخىللىقتىن كېچەلمەسلىك بىرى.
ھەي ئوغۇل، كەلمە يېقىن بۇ تۆت نەرسىگە،
ئالمىسۇن بۇ پېئىللار سېنى ئوتارىغا.
گىنەدىن كەچكى لۇ، ئالتۇندەك پاك يول،
خاكقا① ئايلانمايىن ئېلىڭگە خاك بول!

فەرىدىددىن ئەتتار

ئەزىزىم، بېخىللىق ۋە ھەسەتخورلۇق ئىللىتىگە دىلىڭدىن ئەسلا ئورۇن بەرمىگىنكى، ھەسەتخورلۇق دۆلىتىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلسا، بېخىللىق ئىززىتىڭ چەمەننى پايخان قىلىۇر. مىسالى ئېيتۇرلەر:



① خاك: توپا، تۇپراق ياكى كۈلگە ئايلانغان ئىنسان جەسىتى.

كىمكى ھەسەت ئوتىنى ياقسا جاھاندا،

بۇ ئوت ئۇنىڭ ئۆزىنى قويماس ئاماندا!

خوجا سەمەندەر تېمىزي

—ھەي پەرزەنت، بىلگىنكى، مۇناپىق ۋە ھەسەتچى كىشىلەرنىڭ تەسىرى ياخشى ئادەملەرنى يولدىن چىقىرىۋېتىدۇ. دانا ۋە ئالىملار سۆھبىتى بولسا كىشىگە مەڭگۈلۈك ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. بىھۇدە سۆزلەر ئېيتىلىۋاتقان ئولتۇرۇشلارغا كىرىپ قالغۇدەك بولساڭ، بۇنداق يەردىن قاچ!

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

دۇنيادا ھەسەت ۋە غۇم ساقلاشتىن ئېغىرراق رەنج يوق. چۈنكى، ھەسەتچى كىشى باشقىلارنىڭ شادلىقىدىن تۈگىمەس غەمگە پاتىدۇ، ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن دائىما زەخمەت چېكىدۇ.

مۇھەممەد ھۇسەين

ھەسەتچى كىشى ئادەملەرنىڭ شادلىقى ۋە خۇشاللىقىدىن

دائىما غەمگە قالىدۇ ۋە ئەلەم تارتىدۇ دۇنيادا ھەسەتچىلىك ۋە بىر-
خىللىقتىنمۇ يامانراق دەرد ـ ئەلەم يوق! شۇنداق ئىكەن، سەن
بۇنداق كىشىلەردىن ئۇزاق يۈر، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قاچ!

نەزمە:

دەرمان قوبۇل قىلماس ئىللەت ھەسەتتۇر،
ھەسەتچىنىڭ غېمى كۆپتۇر ـــ بىھەددۇر!

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ئەيىبسىز ئادەمنى كۆرگەن ھەسەتچىنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ.
بەدەننىڭ سازلىقى ھەسەتنىڭ ئازلىقىدىن كېلۇر.
ھەسەتچىنىڭ مىلى ئۆزىگە نېسىپ بو[illegible]ن.

«ئاتىلارنىڭ سۆزلىرى» دىن

خەسىسنىڭ نېنىغا ئۇزاتقاندىن قول،
پىللارنىڭ ئاستىدا ئۆلگەن كۆپ ماقۇل!

نىزامىي گەنجەۋى

ــ ھەي ئەزىزىم، سېنىڭ بۇ نەپسىڭ يەپ تويماس خەسىس

نەرسە. ئەگەر، ئۇنىڭغا يول قويساڭ سېنى بالا ـ قازا دامىغا چۈ.
شۈرىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشسەڭ، ئۇنى يېڭىشىڭ مۇمكىن،
بولمىسا ئۇنىڭ سېنى ئاپەتلەر ئورىسىغا غەرق قىلىشى مۇقەررەر.
دۇر. شېئىر:

باي بولمىقى مۇمكىنمەس ئاچ كۆزلەرنىڭ زادىلا،

تولمىغۇنچە كۆزىگە تۇپراق، تويمايدۇ ئەسلا!

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ھېكايەت ئېيتىشلىرىچە، لاھۇر شەھرىدە بىر ئالىم بار بو.
لۇپ، ئۇ ئۆتە خەسىس ئىدى. ئۇ تېيىنلاپ پۇل توپلار، ھەتتا ئۆز
قورسىقىغا تۈزۈكرەك يېيىشكىمۇ ئاغرىنار ئىدى. ئۇ جان بەرسە
بېرەتتىيۇ، ئەمما بىرەر كىمگە بىر تىيىن بەرمەس ئىدى. ئۇ تاپقان
ئالتۇنلىرىنى ناھايىتى يوشۇرۇن ساقلار، ھەمىشە ئەنسىزچىلىك
ئىچىدە ياشار ئىدى. ئۇنىڭ ھەييارلىقتا قىلنى قىرىق يارىدىغان بىر
شاگىرتى بار بولۇپ، ئۆز ئۇستازىنىڭ ئالتۇنلىرىدىن ۋاقىپ
ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ بولسۇن شۇ ئالتۇنلارنى قولغا كىرگۈ.
زۈشكە ئۇرۇنار، ئەمما ئاچ كۆز خوجايىنىنى ئالداشقا ئاجىزلىق

www.uyghurkitap.com

قىلار ئىدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، خوجايىن كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇلۇمنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئالتۇنلىرىغا قىيماي خوتۇن ئېلىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇشتىنمۇ كەچكەن خوجايىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. كېيىن قەتئىي قارارغا كېلىپ ئالتۇنلىرىنى يۇتۇشقا باشلىدى. ھەممىسىنى يۇتۇپ بولغاندىن كېيىن جان بەردى.

ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىغان ئادەملەر يىغىلىشىپ، كۆمۈش تەييارلىقىنى قىلىشتى. ئۆزئارا پۇل يىغىشىپ ھەممە رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىشتى. ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندە، شاگىرتى خوجايىنىنىڭ ئۆيى ۋە ھويلىلىرىنى قىدىرىپ ئالتۇنلارنى تاپالمىدى. بېشى قېتىپ ئويغا پاتتى. ئۇ ئۆزىچە: «خوجام ئالتۇنلىرىنى ھېچ يەرگە ئېلىپ بارمىغان، ئۇنىڭ يا بىرەر قېرىندىشى يا خوتۇنى يوق. ئالتۇنلىرى جەزمەن ئۆيىدە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئاختۇرۇپ ھەممە ياقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتسەممۇ ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ كاشكى، شۇنچە ھەييارلىقىم بىلەن خوجايىنىمنىڭ خەزىنىسىنى تاپالمىسام ـ ھە؟!»

دېدى. ئۇ شۇنچە ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن بېشىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلدى ـ دە، تۇپتوغرا گۆرىستانغا باردى. خوجايىنىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، جەسەتنىڭ قارنىنى ياردى ۋە ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى.

**مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

بىر كىشى ئوغلىغا دېدى:

ــ نەپسىڭنى شۇنداق كۆندۈركى، تاكى ئۇ ئەمرىڭگە قۇلاق سالىدىغان بولسۇن!

ئوغلى سورىدى:

ــ مەن قايسى چاغدا ئەقىللىق بولۇشۇم مۇمكىن؟

ئاتا دېدى:

ــ نەپسىڭگە ھاكىم بولغىنىڭدا!



**«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن**

ساخاۋەتلىك كىشى شۇنداق كىشىكى، بىرى سوراشتىن

ئالدىن ئۆزى بىلىپ سوۋغا قىلىدۇ.

—ھەي ئوغۇل! ساخاۋەتنىڭنى كىرىمىڭگە قاراپ قىل! چۈنكى، يېنىڭدىكى پۇلۇڭنى بىراقلا سورۇۋەتسەڭ، ساخاۋەتىڭنى كېيىن نېمە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىسەن؟!

ئەبەدىبەك شىرازىي

قىلغان ئىشىم ئەگەردە بولمىسۇن دېسە ئەبەس،

ئەركەك پەقەت ئۆزىنىڭ غېمىنىلا ئويلىماس!

فەرىدىددىن ئەتتار

سېخىي ئادەم دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن قاچقان، ئۆز قەلبىدە مۇھەببەتكە يول ئاچقان بولىدۇ. سېخىي كىشى مېستىن ياسالغان كوزىغا ئوخشايدۇكى: ئۇ تېز تەييارلىنىدۇيۇ، ئەمما ئۇزۇن چىدايدۇ. ئاچ كۆز ئادەم مۇھەببەتتىن قاچقان، ئۆز قەلبىدە ئاداۋەتكە يول ئاچقان بولىدۇ. ئاچكۆز كىشى ساپال قاچىغا ئوخشايدۇ: ئۇنى ياسىماق قىيىنمۇ ئەمەس، لېكىن

ئاسان سۇندۇ.

يۇسۇفىي

ئىمكانىيەتنىڭ كۆتۈرۈشىگە قاراپ سېخىيلىق قىل، بىر كىملەرنى دوراپ سېخىيلىق قىلما! قەرز ئېلىپ قىلىنغان سېخىيلىق قانداقمۇ سېخىيلىق بولسۇن، باشقىلارنىڭ مېلىدىن ئېلىپ، بىراۋلارغا يېدۈرۈشتىن نېمە پايدا؟!

ئەبدىبەك شىرازىي

بايلىقىڭ يار تۇرۇقلۇق پېخسىقلىق سەن قىلمىغىن،
يولۇڭ ئوچۇق تۇرۇقلۇق چولاقلىنىپ يۈرمىگىن!

فەرىدىددىن ئەتتار



بىلگىنكى، ساخاۋەت ماختاشقا لايىق پېئىلدۇر. ئۇ ئىنسانغا كۆرك بەرگۈچى بېزەكتۇر. سېخىيلىقنىڭ نەتىجىسى ياخشى نام قازىنىش، ياخشىلىقنىڭ سەمەرىسى دوستلارنىڭ كۆپىيىشىدۇر.

ئادەمزات ئۈچۈن ساخاۋەتتىن ياخشىراق ۋە ئەزىزرەك يېقىملىق سۈپەت يوق. بېيىت:

كىمدە گەر سېخىيلىق ئادىتى يوقتۇر،
ياخشىلىق كۆتمەكنىڭ ھاجىتى يوقتۇر.

بىر ھەكىمدىن: «كىشىنىڭ بارچە ھۈنەر ـ پەزىلىتىنى يوققا چىقارغۇچى نەرسە نېمە؟» دەپ سوراشتى. ئۇ: «بېخىللىقتۇر!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى: «كىشىنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىنى ياپقۇچى نەرسە نېمە؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «سېخىيلىقتۇر!»

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئالىي ھىممەت ۋە ساھىب دۆلەت شۇنداق كىشىكى، ياخشى خۇلق ۋە چىرايلىق ئادەت بىلەن چوڭ ـ كىچىكنى ئۆز مۇھەببىتى دامىغا ئىلىندۇرىدۇ، دوستلۇق ئۇرۇقىنى كۆڭۈل يېرىگە ئېگىدۇ، ئەزىزلەر ۋە ئۇلۇغلار يولىغا ئىبرەت كۆزى بىلەن باقىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەققىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئادا قىلىدۇ.

دوستلىرىنى قولىدىن كېلىشىچە ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆلۈپ كەتكەن يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياخشىلىق بىلەن تەقدىرلەپ تۇرىدۇ.

**مۇئىنىددىن جۇۋەينى**

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئېيتقانىدى: «كىشى ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممىتى بىلەن ئەزىزدۇر. مەرد شۇنداق كىشىكى، قىلماق بولغان ئىشنى داۋاملىق سالماي تۇرۇپ بېجىرىدۇ، نامەرد كىشى ئاغزىدا ئۇنداق قىلىمەن ـ مۇنداق قىلىمەن دېسىمۇ، ئەمەلدە ھېچ ئىش قىلمايدۇ». ئۇنىڭدىن يەنە سوراشتى: «قانداق قىلىپ جاھانغا ئىگە بولدىڭلا؟» ئۇ دېدى: «ھە. كىملەرنىڭ سۆزى ۋە مەسلىھىتىگە ئەمەل قىلدىم. چوڭلارنىڭ ئىشنى كىچىكلەرگە ۋە كىچىكلەرنىڭ ئىشىنى ئۇلۇغلارغا بۇيرۇمىدىم!»

**ئەبۇلبەرەكات قادىرىيى**

ئەزىزىم، پاكلىق شۇنداق خىسلەتكى، شەھۋەت ئوتى غالىب

كەلگەندە، ئۇنىڭ تىزگىنى غەيرەت بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. پاكىز ئىتەك ھارام ئىشلار لېيى بىلەن بۇلغىنىلمايدۇ.

خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ساخاۋەتلىك بولمىساڭمۇ مەيلى، ئەمما ئىسراپخور بولما.

ساخاۋەت بىلەن ئىسراپ باشقا ـ باشقا نەرسە.

«ئاتىلارنىڭ سۆزلىرى» دىن

ئالىي ھىممەتلىك كىشى ھۇماقۇشىغا ئوخشايدۇ. ھىممەتسىز كىشى قۇزغۇنغا ئوخشايدۇ، ئۆلۈك ـ تاپلار بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈشى بولىدۇ. بېيىت:

ھەر كىشىدە بولسا ھۇمادەك ھىممەت،
ھەر ئىللەتكە ئۇنىڭدىن تېپىلۇر داۋا.
ھىممەتسىزلەر ئېرۇرۇ مىسالى قۇزغۇن،
ئۇنىڭدىن كېلۇر داۋا ئورنىغا ۋابا!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

كىشىنىڭ قەدرى ئۇنىڭ ھىممىتىگە يارىشا بولۇر، سوۋغا مۇھەببەتنى ئاشۇرۇر:

دوستلار ئۇچۇن ئەجەب يېقىملىق خىسلەت،
بىر ـ بىرىنى سوۋغاتلار ئەيلەپ تۇرسا شاد.
ئۆزئارا سوۋغاتلار شۇنداق بىر كۈچكى،
دىلدا مۇھەببەتنى ئەيلىگەي بۇنياد!
خەسىسنىڭ سوۋغىسى سوپۇنىنىڭ كۆپۈكى.
بەرگىنىڭنى ئۇنتۇ، بەرگەنىنىڭكىنى ئۇنتۇما.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

سەمىمىي، تۈز كىشىلەر باشقىلارغا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. بۇ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشتە ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. سودا جەمئىيىتىدە ئىشلارنى زىيادە كەسكىنلىك بىلەن بىر ياقلىق قىلىۋېتىش ئەڭ قاتتىق ساقلىنىشقا تېگىشلىك پەرھىز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دائىم مۇلايىم چىراي قىياپەتنى ساقلاپ يۇرۇشتەك ئادەتنى يېتىلدۇرۇش لازىم. ئەگەر مۇشۇنداق بىر ياخشى ئوبراز ھاسىل قىلمىغان ئىشىڭىزدا ناھايىتى ئاسان مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

«باي كىشىنىڭ كۆپ پۇل تاپالىشىدىكى سىر» دىن

سەمىمىيەت، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا قارىتا سەمىمىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىشى ھەر قاچان ئۆز خاراكتېرىدىكى بەزى كەمچىل تەرەپلەرنى تولۇقلىۋېلىشىغا مۇۋەپپەق بولىدۇ.

«باي كىشىنىڭ كۆپ پۇل تاپالىشىدىكى سىر» دىن

بىر ئۇستاز ئۈچ شاگىرتىغا بىردىن كۆكۇۋاش تارقىتىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

—ئەتە سىلەر ماڭا بۇ كۆكۇۋاشتا قانچە دان بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىسىلەر.

ئەتىسى چوڭ شاگىرتى ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

—جەمئىي 1328 دان بار ئىكەن.

—قانداق ساناپ چىقتىڭ؟

—مەن كۆكۋاشنى ئۆگىلاپ بىردىن - بىردىن سانىدىم.

2 - شاگىرتى مۇنداق دەپتۇ.

—مەن ئاۋۋال قوناقنى ئۆگىلاپ يەرگە چاچتىم، ئاندىن بىر خورازغا دانلاشقا قويۇۋەتتىم، خوراز دانلاش ئۈچۈن يەرگە 1430 قېتىم ئېگىشتى.

3 - شاگىرت جاۋاب بېرىپتۇ:

- مەن ئىككى ئاكامدىن قانچە تال قوناق بارلىقىنى سورىۋې-لىپ، ئاندىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنى چىقارسام چىقتى...

—ياخشى، ھەممىڭلار دۆكان ئايرىساڭلار بولىدۇ، ئەتە تاغدىن چۈشۈڭلار، —دەپتۇ ئۇستاز شاگىرتلىرىدىن مەمنۇن بولغان تە-لەپپۇزدا.

شاگىرتلار ھەيران بولۇشۇپ:

—سىلى تېخى بىزگە ھېچنېمىنى ئۆگەتمىدىلىغۇ؟ — دەپ

سورىشىپتۇ، ئەمما ئۇستاز چوڭ شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

—سەن ئىش قىلغاندا، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىكەنسەن، بۇ ياخشى ئىش، بۇنىڭدىن كېيىن كۆكسى - قارنىڭنى كەڭ تۇتۇپ جىگەرلىك بولۇشۇڭ كېرەك. قوناقنى سانىغان چاغدا كۆزلىرىڭ ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتتى، مۇگدەپ قالدىڭ، چۈشۈڭدىمۇ دان ساناپ چىقتىڭغۇ دەيمەن، سەۋرچان ئادەملەر يەنە كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىشى، ئالدىراڭغۇلۇقتىن قەتئىي ساقلىنىشى لازىم.

ئاندىن ئۇستاز 2 - شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

—سەن ئاكاڭغا قارىغاندا زېرەك، قوراللاردىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلىقىڭنى نامايان قىلدىڭ، داننى خورازغا يېگۈزۈش ئارقىلىق ساناش بىر ئاقىلانە تەدبىر. بۇنىڭدىن كېيىن راست - يالغاننى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. خوراز دان يېسىمۇ ئېگىشىدۇ، تاش يۇتسىمۇ ئېگىشىدۇ، سەن ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتكەننىڭ ھەممىسىنىڭ دان ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟

ئاخىرىدا ئۇستاز 3 ـ شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

ـــسەن باشقىلاردىن پايدىلىنىشنى بىلدىڭ. بۇ ئالەمدىكى ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىپ ياشايدۇ، ئۆز ئارا يار ـ يۆلەك بولۇشىدۇ. سېنىڭ پايدىلانغىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئوي ـ پىكرى، بۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەقىقىي نەرسە. مەن ساڭا باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەممە ئادەم سەندىن توغرا ئۇسۇلدا پايدىلىنىشنىمۇ، يەنە ناتوغرا ئۇسۇلدا پايدىلىنىشنىمۇ بىلىدۇ.

كېيىن ئۇستاز بۇ ئۈچ شاگىرتىغا «ئەقىل ـ پاراسەت، سەمىمىيەت ۋە ئاق كۆڭۈل» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

«تېببىي ۋە تەربىيەۋى ھېكايەتلەر» دىن



ئىسكەندەر رۇمىي ئۇستازى ئەرەستۇدىن:

ـــئەي ئۇستاز، مەن بۈيۈك ئىشلارغا قەدەم قويدۇم. بۇ ئىشلىرىم نەتىجىسىدە دوستلارنىمۇ، دۈشمەنلەرنىمۇ تاپتىم. ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىمىقىم كېرەك؟ ـــ دەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

سورىدى.

ئەرەستۇ ھەكىم شۇنداق دېدى:

— ئىلاجىڭنىڭ بارىچە **ئۆزۈڭگە** دۈشمەن كۆپەيتمە. بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك **قىلىشقا باشلىسا**، سەن ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆزۈڭ بىلەن قارا، **كۆڭلىنى ئال**. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دوستلىرىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ. دوستلىرىڭنى شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭ بىلەن **خۇشال** قىل. شۇنداقلا ئۇلار سېنىڭدىن ئايرىلماي، سەمىمىي دوستلىرىڭ بولۇپ قالىدۇ.

يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە. توغرا سۆز كۆڭۈلگە قاتتىق ۋە ئاچچىق تېگىدۇ. ئادەم ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق قايتۇرىدۇ، كىمنىڭ ئەسلى پاك ۋە ساپ بولسا، ئۇ ئادەم ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

ئەي مەرد كىشى! ئادىمىيلىك قىل. ئالىي ھىممەتلىك، تەۋازۇلۇق، ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك

بول.

«تېببىي ۋە تەربىيۋى ھېكايەتلەر» دىن

قەدىمكى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئوغۇللىرىنى سىناپ كۆرۈپ ئىزباسار تاللىماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

— سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ ئوردىدىن چىقىپ، ئۆز ئالدىڭلارغا مۇستەقىل ھالدا بىرەردىن ياخشى ئىش قىلىپ كېلىڭلار، ئەھۋالىڭلارغا قاراپ بىرىڭلارنى تەختكە ۋارىس قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى ئوردىغا كىرىپ:

— مەن بۈگۈن بىر مەيخانىدا مەي ئىچىپ ئولتۇرغىنىمدا، بىر مەست كىشى پۇل قاپچۇقىنى شىرە ئۈستىدە قويۇپ، ئۇنتۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلگەندە

www.uyghurkitap.com

ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال چىقىپ ئۇ كىشىگە پۇل قاپ چۇقىنى قايتۇرۇپ بەردىم، — دەپ ماختىنىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئوتتۇرانچى ئوغلى كېلىپ پادىشاھقا:

—مەن تۈنۈگۈن ئاخشام كوچىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە ئالدى تەرىپىمدىكى بىر خالتا كوچىدىن «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم، بېرىپ قارىسام بىر لۈكچەك بىر قىزنى تۇسۇۋاپتىكەن، مەن ئۇ قىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىم، —دەپتۇ. پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى كەنجى ئوغلى ئوردىغا كىرىپ كەمتەرلىك بىلەن پادىشاھقا:

—مەن تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇۋغا چىققانىدىم، تىك يار لېۋىدە بىر كىشىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتى خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئويغىتىپ قويۇشقا باردىم. يېنىغا بېرىپ قارىسام، ئۇ كىشى مېنىڭ بۇرۇنقى رەقىبىم ئىكەن. مەن دەسلەپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە بەرىبىر، مەن

ئۇنىڭغا قەست قىلمىدىم، دەپ ئويلىدىم، لېكىن يەنە: بىزنىڭ ئا-
رىمىزدىكى زىددىيەت ھايات - ماماتلىق دەرىجىسىدە ئەمەس، ئۇنىڭ
يەنە ئاتا - ئانىسى، خوتۇن - بالىلىرى بار، ئۇلار تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا
تايىنىدۇ. ئۇ، ئۆلۈپ كەتسە بىر ئائىلە كىشىلىرى ۋەيران بولمامدۇ؟!
دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاخىرى ئۇنى ئويغىتىپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ
قالدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىپ:

—يارايسەن ئوغلۇم، سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىق ھەم ئەخلاق-
لىق ئىكەنسەن، پەزىلىتىڭگە قايىل بولدۇم، پادىشاھلىق تەختىگە
سەن ۋارىس بولساڭ مەن خاتىرجەم بولىمەن، — دەپتۇ. بۇنىڭغا
ئىككى ئوغلى نارازى بولۇپ، «ئۇ رەقىبىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، بىز بى-
گۇناھ كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق، ياخشى ئىش قىلدۇقمۇ» دەپتىكەن،
پادىشاھ كۈلۈپ:



—سىلەرمۇ ياخشى ئىش قىلدىڭلار، لېكىن سىلەرنىڭ
قىلغىنىڭلار كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلەت.
ئىنىڭلار قىلغان ياخشى ئىش بولسا ۋىجدان ئالدىدا ئويلىنىشقا
تېگىشلىك بولغان ساپ ئەخلاقىي پەزىلەت. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاداۋىتىنى

قايىرسپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگەن. مۇنداق ئادەم ماڭۋا رسلىق قىلسا ئەخلاقلىق، دانىشمەن كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، پۇقرانى ئويلاپ، يۇرتنى ئادىل سورىيالايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.①

«تېببىي ۋە تەربىيۋى ھېكايەتلەر» دىن



① خوجائابدۇل جامال ئىبىتسىپ بەرگەن، تۇرسۇنگۇل ئەمەت توپلىغان: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.

مەجمۇئە ئىسمى: ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى: سەمىمىيلىك ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر: ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: (830001 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36 ـ قورۇ)
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مم
باسما تاۋىقى: 3 باسما تاۋاق
خەت سانى: 51 مىڭ خەت
نەشرى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—80744—426—8
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)